# I باب. تاۋۇش، بوغۇم ۋە سۆز

## §-1. ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلار

ھەرقانداق تىل تىل تاۋۇشلىرى ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىدۇ، شۇڭا تىل تاۋۇشلىرى تىلنىڭ ماددى پوستى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ھەرقانداق تىلنىڭ ئۆزىگە خاس تاۋۇش سىستېمىسى بولىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭمۇ ئۆزىگە خاس تاۋۇش سىستېمىسى بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى فونېمىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە تاۋۇشلارنى ھەم ئۇلارنىڭ ۋارىيانتلىرىنى، تاۋۇشلارنىڭ بىرىكىش ۋە بوغۇم ھاسىل قىلىش قانۇنىيەتلىرىنى، تاۋۇشلارنىڭ نۇتۇق ئېقىمىدىكى ئۆزگىرىشى بىلەن تارىخىي ئۆزگىرىشىنى؛ ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلارنىڭ فىزىئولوگىيىلىك، فىزىكىلىق ۋە ئىجتىمائىي خۇسۇسىيىتىنى، شۇنىڭدەك ئۇيغۇر تىلىدىكى فونېمىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە تاۋۇشلارنىڭ چىقىش ئورنى ۋە چىقىش ئۇسۇلى جەھەتتىن بۆلۈنۈشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇيغۇر تىلىنىڭ تاۋۇش سىستېمىسىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسى دېيىلىدۇ.

تىلنىڭ ئاساسى ھېساپلىنىدىغان ئاساسىي لۇغەت تەركىۋى بىلەن گىرامماتىكىلىق قۇرۇلۇشى ھەممە تىلدا قۇرۇلۇش ماتېرىيالىلىق رول ئوينايدىغان لۇغەت تەركىۋىدىكى بارلىق سۆزلەر تىل تاۋۇشلىرى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. تىل تاۋۇشلىرىسىز ھەرقانداق تىل بىرلىكىنىڭ ھاسىل بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا تىلنىڭ باشقا تەركىۋىي قىسىملىرى ۋە تىلدىكى ھەر خىل بىرلىكلەر ھەققىدىكى قائىدە-قانۇنىيەتلەرنى ئۆگىنىشتىن بۇرۇن تىل تاۋۇشلىرى ھەققىدىكى قانۇنىيەتلەرنى ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

بىر تىلدىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ۋە گىرامماتىكىلىق شەكىللىرىنى پەرقلەندۈرۈشكە ئاساس بولىدىغان تىل تاۋۇشلىرى فونېما دېيىلىدۇ.

سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ۋە گىرامماتىكىلىق شەكىللىرىنى پەرقلەندۈرۈشكە ئاساس بولالمايدىغان تىل تاۋۇشلىرى ۋارىيانت دېيىلىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا قوللىنىلىۋاتقان تاۋۇشلارنىڭ سانى خېلى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن بۇلاردىن فونېمىلىق رولغا ئىگە تاۋۇشلار 30 بولۇپ، ئۇلار: ئا، ئە، ب، پ، ت، ج، چ، خ، د، ر، ز، س، ش، غ، ق، ك، گ، ڭ، ل، م، ن، ھ، ئو، ئۇ، ئۆ، ئۈ، ۋ، ئې، ى، ي ... قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا قوللىنىلىۋاتقان «ژ، ف» تاۋۇشلىرى باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆز-ئاتالغۇلار ۋە كىشى ئىسىملىرى ھەم يەر-جاي ناملىرىدا، بىر قىسىم تەقلىدىي سۆزلەردە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: تۇف، سوف، فابرىكا، فرانسىيە، فېيېرباخ، فاكچىن، فاك يى، فۇجيەن، پاژ-پۇژ، پىژىلداش، ژورنال، پارىژ، ژىدانوۋ ... لېكىن بۇ ئىككى تاۋۇشنى ئۇيغۇر تىلىغا خاس فونېما دېگىلى بولمايدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا قوللىنىلىۋاتقان يۇقۇرقى 32 تاۋۇش تەلەپپۇز قىلىنغاندا ئۆپكىدىن چىققان ھاۋانىڭ تۇسالغۇغا ئۇچرىغان ياكى ئۇچرىمىغانلىقىغا، ئۇنلۇق ياكى ئۇنسىز تەلەپپۇز قىلىنغانلىقىغا قاراپ، ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا تۇسالغۇغا ئۇچرىماي، ئۇنلۇق تەلەپپۇز قىلىنغان تاۋۇشلار سوزۇق تاۋۇش دېيىلىدۇ. ئۇلار: ئا، ئە، ئې، ى، ئو، ئۇ، ئۆ، ئۈ قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا تۇسالغۇغا ئۇچراپ، ئۇنسىز تەلەپپۇز قىلىنىدىغان تاۋۇشلار ئۈزۈك تاۋۇش دېيىلىدۇ. ئۇلار: ب، پ، ت، ج، چ، خ، د، ر، ز، س، ش، غ، ق، ك، گ، ڭ، ل، م، ن، ھ، ي، ژ، ف ... قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى يۇقۇرقى سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ھەر بىرى چىقىش ئورنى ۋە ئۇسۇلى جەھەتتىن تۆۋەندىكىدەك تەلەپپۇز قىلىنىش ئالاھىدىلىككە ئىگە:

ئا — لەۋلەشمىگەن، تىل كەينى، كەڭ سوزۇق تاۋۇشتۇر، چۈنكى بۇ تاۋۇش تەلەپپۇز قىلىنغاندا، لەۋ ئالدىغا سوزۇلۇپ يۇمىلاقلاشمايدۇ، تىل كەينىگە تارتىلىدۇ، ئېغىز كەڭ ئېچىلىدۇ.

ئە — لەۋلەشمىگەن، تىل ئالدى، سەل كەڭ سوزۇق تاۋۇش بولۇپ، تەلەپپۇز قىلىنغاندا، لەۋ ئالدىغا سوزۇلۇپ يۇمىلاقلاشمايدۇ، تىل ئالدىغا سوزۇلىدۇ، ئېغىز سەل كەڭ ئېچىلىدۇ.

ې — لەۋلەشمىگەن، تىل ئالدى، سەل تار سوزۇق تاۋۇش بولۇپ، تەلەپپۇز قىلىنغاندا، لەۋ ئالدىغا سوزۇلۇپ يۇمىلاقلاشمايدۇ، تىل ئالدىغا سوزۇلىدۇ، ئېغىز تارراق ئېچىلىدۇ.

ى — لەۋلەشمىگەن، تىل ئالدى، تار سوزۇق تاۋۇش بولۇپ، تەلەپپۇز قىلىنغاندا، لەۋ ئالدىغا سوزۇلۇپ يۇمىلاقلاشمايدۇ، تىل ئالدىغا سوزۇلىدۇ، ئېغىز تار ئېچىلىدۇ.

ئو — لەۋلەشكەن، تىل كەينى، سەل تار سوزۇق تاۋۇش بولۇپ، تەلەپپۇز قىلىنغاندا، لەۋ ئالدىغا سوزۇلۇپ يۇمىلاقلىشىدۇ، تىل كەينىگە تارتىلىدۇ. ئېغىز تارراق ئېچىلىدۇ.

ئۇ — لەۋلەشكەن، تىل كەينى، تار سوزۇق تاۋۇش بولۇپ، تەلەپپۇز قىلىنغاندا، لەۋ ئالدىغا سوزۇلۇپ يۇمىلاقلىشىدۇ، تىل كەينىگە تارتىلىدۇ، ئېغىز تار ئېچىلىدۇ.

ئۆ — لەۋلەشكەن، تىل ئالدى، سەل تار سوزۇق تاۋۇش بولۇپ، تەلەپپۇز قىلىنغاندا، لەۋ ئالدىغا سوزۇلۇپ يۇمىلاقلىشىدۇ، تىل ئالدىغا سوزۇلىدۇ، ئېغىز تارراق ئېچىلىدۇ.

ئۈ — لەۋلەشكەن، تىل ئالدى، تار سوزۇق تاۋۇش بولۇپ، تەلەپپۇز قىلىنغاندا، لەۋ ئالدىغا سوزۇلۇپ يۇمىلاقلىشىدۇ، تىل ئالدىغا سوزۇلىدۇ، ئېغىز تار ئېچىلىدۇ.

ب — قوش لەۋ، پارتىلىغۇچى، جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بولۇپ، تەلەپپۇز قىلىنغاندا، ھاۋا ئېقىمى قوش لەۋنىڭ تۇسالغۇسىغا ئۇچراپ پارتىلاپ چىقىدۇ، تاۋۇش پەردىسى تىترەيدۇ.

پ — قوش لەۋ، پارتىلىغۇچى، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بولۇپ، تەلەپپۇز قىلىنغاندا، ھاۋا ئېقىمى قوش لەۋنىڭ تۇسالغۇسىغا ئۇچراپ پارتىلاپ چىقىدۇ، تاۋۇش پەردىسى تىترىمەيدۇ.

م — قوش لەۋ، دىماق، جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بولۇپ، تەلەپپۇز قىلىنغاندا،

هاۋا ئېقىمى قوش لەۋنىڭ توسالغۇسىغا ئۇچراپ دىماقتىن چىقىدۇ، تاۋۇش پەردىسى تىترەيدۇ.

ۋ — چىش - لەۋ، سىرىلاڭغۇ، جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بولۇپ، تەلەپپۇز قىلىنغاندا، هاۋا ئېقىمى چىش بىلەن لەۋنىڭ توسالغۇسىغا ئۇچراپ سىرىلىپ چىقىدۇ، تاۋۇش پەردىسى تىترەيدۇ.

ف — چىش - لەۋ، سىرىلاڭغۇ، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بولۇپ، تەلەپپۇز قىلىنغاندا، هاۋا ئېقىمى چىش بىلەن لەۋنىڭ توسالغۇسىغا ئۇچراپ سىرىلىپ چىقىدۇ، تاۋۇش پەردىسى تىترىمەيدۇ.

ز — چىش مىلىكى - تىل ئۇچى ئالدى، سىرىلاڭغۇ، جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بولۇپ، تەلەپپۇز قىلىنغاندا، هاۋا ئېقىمى تىل ئۇچى ئالدىنىڭ چىش مىلىكىگە يېقىنلىشىشى ئارقىلىق توسالغۇغا ئۇچرايدۇ ۋە سىرىلىپ چىقىدۇ، تاۋۇش پەردىسى تىترەيدۇ.

س — چىش مىلىكى - تىل ئۇچى ئالدى، سىرىلاڭغۇ، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بولۇپ، تەلەپپۇز قىلىنغاندا، هاۋا ئېقىمى تىل ئۇچى ئالدىنىڭ چىش مىلىكىگە يېقىنلىشىشى ئارقىلىق توسالغۇغا ئۇچرايدۇ ۋە سىرىلىپ چىقىدۇ، تاۋۇش پەردىسى تىترىمەيدۇ.

ش — تاڭلاي - تىل ئالدى، سىرىلاڭغۇ، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بولۇپ، تەلەپپۇز قىلىنغاندا، تىل ئالدىنىڭ تاڭلايغا يېقىنلىشىشى ئارقىلىق هاۋا ئېقىمى توسالغۇغا ئۇچرايدۇ ۋە سىرىلىپ چىقىدۇ، تاۋۇش پەردىسى تىترىمەيدۇ.

د — تىل ئۇچى ئوتتۇرىسى، پارتلىغۇچى، جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بولۇپ، تەلەپپۇز قىلىنغاندا، هاۋا ئېقىمى تىل ئۇچى ئوتتۇرىسىنىڭ چىشقا تېگىشى بىلەن توسالغۇغا ئۇچرايدۇ ۋە پارتلاپ چىقىدۇ، تاۋۇش پەردىسى تىترەيدۇ.

ت — تىل ئۇچى ئوتتۇرىسى، پارتلىغۇچى، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بولۇپ، تەلەپپۇز قىلىنغاندا، هاۋا ئېقىمى تىل ئۇچى ئوتتۇرىسىنىڭ چىشقا تېگىشى بىلەن توسالغۇغا ئۇچرايدۇ ۋە پارتلاپ چىقىدۇ، تاۋۇش پەردىسى تىترىمەيدۇ.

ن — تىل ئۇچى ئوتتۇرىسى، دىماق، جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بولۇپ، تەلەپپۇز قىلىنغاندا، هاۋا ئېقىمى تىل ئۇچى ئوتتۇرىسىنىڭ چىشقا تېگىشى بىلەن توسالغۇغا ئۇچرايدۇ ۋە دىماقتىن چىقىدۇ، تاۋۇش پەردىسى تىترەيدۇ.

ل — تىل ئۇچى ئوتتۇرىسى، قوۋۇز، جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بولۇپ، تەلەپپۇز قىلىنغاندا، هاۋا ئېقىمى تىل ئۇچى ئوتتۇرىسىنىڭ چىشقا تېگىشى بىلەن توسالغۇغا ئۇچرايدۇ ۋە قوۋۇز ئارقىلىق چىقىدۇ، تاۋۇش پەردىسى تىترەيدۇ.

ر — تىل ئۇچى ئوتتۇرىسى، تىترىگۈچ، جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بولۇپ، تەلەپپۇز قىلىنغاندا، هاۋا ئېقىمى تىل ئۇچى ئوتتۇرىسىنىڭ چىش مىلىكىگە تېگىشى بىلەن توسالغۇغا ئۇچرايدۇ ۋە تىترەپ چىقىدۇ، تاۋۇش پەردىسى تىترەيدۇ.

ج — تىل ئالدى، پارتلىغۇچى سىرىلاڭغۇ، جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بولۇپ، تەلەپپۇز قىلىنغاندا، هاۋا ئېقىمى تىل ئالدىنىڭ يۇقىرى تاڭلايغا يېقىنلىشىشى بىلەن توسالغۇغا ئۇچرايدۇ ۋە پارتلاپ سىرىلىپ چىقىدۇ، تاۋۇش پەردىسى تىترەيدۇ.

چ ــ تىل ئالدى، پارتلىغۇچى سىرىلاڭغۇ، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بولۇپ، تەلەپپۇز قىلىنغاندا، ھاۋا ئېقىمى تىل ئالدىنىڭ تاڭلايغا يېقىنلىشىشى بىلەن تۇسالغۇغا ئۇچرايدۇ ۋە پارتلاپ سىرىلىپ چىقىدۇ، تاۋۇش پەردىسى تىترىمەيدۇ.

ي ــ تىل ئۇستى، سىرىلاڭغۇ، جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بولۇپ، تەلەپپۇز قىلىنغاندا ھاۋا ئېقىمى تىل ئۇستىنىڭ تاڭلايغا يېقىنلىشىشى بىلەن تۇسالغۇغا ئۇچرايدۇ ۋە سىرىلىپ چىقىدۇ، تاۋۇش پەردىسى تىترەيدۇ.

گ ــ تىل كەينى، پارتلىغۇچى، جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بولۇپ، تەلەپپۇز قىلىنغاندا، ھاۋا ئېقىمى تىل كەينىنىڭ يۇمشاق تاڭلايغا يېقىنلىشىشى بىلەن تۇسالغۇغا ئۇچرايدۇ ۋە پارتلاپ چىقىدۇ، تاۋۇش پەردىسى تىترەيدۇ.

ك ــ تىل كەينى، پارتلىغۇچى، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بولۇپ، تەلەپپۇز قىلىنغاندا ھاۋا ئېقىمى تىل كەينىنىڭ يۇمشاق تاڭلايغا يېقىنلىشىشى بىلەن تۇسالغۇغا ئۇچرايدۇ ۋە پارتلاپ چىقىدۇ، تاۋۇش پەردىسى تىترىمەيدۇ.

ڭ ــ تىل كەينى، دىماق، جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بولۇپ، تەلەپپۇز قىلىنغاندا، ھاۋا ئېقىمى تىل كەينىنىڭ يۇمشاق تاڭلايغا يېقىنلىشىشى بىلەن تۇسالغۇغا ئۇچرايدۇ ۋە دىماقتىن چىقىدۇ، تاۋۇش پەردىسى تىترەيدۇ.

غ ــ كىچىك تىل، سىرىلاڭغۇ، جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بولۇپ، تەلەپپۇز قىلىنغاندا، ھاۋا ئېقىمى كىچىك تىلنىڭ يۇقۇرى كۆتىرىلىشى بىلەن تۇسالغۇغا ئۇچرايدۇ ۋە سىرىلىپ چىقىدۇ، تاۋۇش پەردىسى تىترەيدۇ.

ق ــ كىچىك تىل، پارتلىغۇچى، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بولۇپ، تەلەپپۇز قىلىنغاندا، ھاۋا ئېقىمى كىچىك تىلنىڭ يۇقۇرى كۆتىرىلىشى بىلەن تۇسالغۇغا ئۇچرايدۇ ۋە پارتلاپ چىقىدۇ، تاۋۇش پەردىسى تىترىمەيدۇ.

خ ــ كىچىك تىل، سىرىلاڭغۇ، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بولۇپ، تەلەپپۇز قىلىنغاندا، ھاۋا ئېقىمى كىچىك تىلنىڭ يۇقۇرى كۆتىرىلىشى بىلەن تۇسالغۇغا ئۇچرايدۇ ۋە سىرىلىپ چىقىدۇ، تاۋۇش پەردىسى تىترىمەيدۇ.

ھ ــ تاماق (كارناي)، سىرىلاڭغۇ، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بولۇپ، تەلەپپۇز قىلىنغاندا، ھاۋا ئېقىمى تاماقتىن سىرىلىپ چىقىدۇ، تاۋۇش پەردىسى تىترىمەيدۇ.

ژ ــ تىل ئالدى، سىرىلاڭغۇ، جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بولۇپ، تەلەپپۇز قىلىنغاندا، ھاۋا ئېقىمى تىل ئالدىنىڭ چىش مىلىكىگە يېقىنلىشىشى بىلەن تۇسالغۇغا ئۇچرايدۇ ۋە سىرىلىپ چىقىدۇ، تاۋۇش پەردىسى تىترەيدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار چىقىش ئورنى ۋە چىقىش ئۇسۇلىغا قاراپ، تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ:

1. تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشلار: ئا، ئو، ئۇ
2. تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلار: ئە، ې، ى، ئۆ، ئۈ
3. لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار: ئو، ئۇ، ئۆ، ئۈ
4. لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلار: ئا، ئە، ې، ى

سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ يۇقۇرقىدەك تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق

قانۇنى بويىچە بوغۇم ھاسىل قىلىشتا ۋە مورفولوگىيىلىك قۇرۇلما ھاسىل قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلار چىقىش ئورنى ۋە چىقىش ئۇسۇلى جەھەتتە ھەر خىل تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ، لېكىن ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش ۋە جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش دېگەن ئىككى تۈردىن باشقا تۈرلىرىنىڭ بوغۇم ھاسىل قىلىش ۋە مورفولوگىيىلىك قۇرۇلما ھاسىل قىلىشتا ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق. شۇڭا ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ تاۋۇش پەردىسىنىڭ تىترەش - تىترىمەسلىكىگە قاراپ بۆلۈنگەن تۆۋەندىكى ئىككى تۈرىنى ئوبدان ئىگەللىۋېلىش لازىم.

1. جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار: ب، د، گ، ج، ۋ، ز، ي، غ، م، ن، ڭ، ر، ل، ژ

2. جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار: پ، ت، ك، ق، چ، س، ش، خ، ھ، ف

شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش زۆرۈركى، جانلىق تىل بىلەن يېزىق تىلى ئۆزئارا زىچ مۇناسىۋەتلىك ھەم ئۆزئارا بىر بىرىدىن پەرقلىنىدىغان ئىككى خىل تىل شەكلى بولغىنىدەك، تاۋۇش بىلەن ھەرپمۇ بىر بىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ھەم بىر بىرىدىن پەرقلىنىدىغان ئىككى خىل نەرسىدۇر. چۈنكى جانلىق تىلدا فونېمىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە تاۋۇش بولمايدىكەن، ئۇنى يېزىق تىلىدا خاتىرىلەيدىغان شەرتلىك بەلگە - ھەرپمۇ بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن بۇلار بىر بىرىدىن كەسكىن پەرقلىنىدۇ: تاۋۇش ئېغىز بىلەن تەلەپپۇز قىلىنىپ، قۇلاق بىلەن ئاڭلىنىدىغان فونېتىكىلىق ئامىل بولسا، ھەرپ قول بىلەن يېزىلىپ، كۆز بىلەن كۆرۈپ ئوقۇلىدىغان شەرتلىك بەلگە بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. شۇڭا بىر تاۋۇشنى ھەر خىل يېزىقتىكى ھەر خىل ھەرپ بىلەن خاتىرىلىگىلى بولىدۇ.

## 2 - §. بوغۇم

بوغۇم تىلدىكى ئەڭ كىچىك بىرلىك بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ تاۋۇشلاردىن ياكى تاۋۇشلارنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدۇ، تىلدىكى باشقا بىرلىكلەردىن كىچىك بولىدۇ.

بوغۇم سۆزلەرنى تەلەپپۇز قىلغاندا تەبىئى ھالدا بۆلۈنۈپ - بۆلۈنۈپ چىقىدىغان تەبىئى فونېتىكىلىق بىرلىكتۇر. مەسىلەن: «سانائەت» دېگەن سۆزنى تەلەپپۇز قىلغاندا (ئېيتقاندا)، بۇ سۆز تەبىئى ھالدا ئۈچ بوغۇم بولۇپ ئېيتىلسا، «ئوقۇغۇچى» دېگەن سۆز تەلەپپۇز قىلىنغاندا تەبىئى ھالدا تۆت بوغۇم بولۇپ ئېيتىلىدۇ. ئەمدى «ئاشپەز» دېگەن سۆز تەبىئى ھالدا ئىككى بوغۇم بولۇپ ئېيتىلىدۇ.

بىر قىسىم سۆز ۋە قوشۇمچىلار بىرلا بوغۇمدىن ھاسىل بولىدۇ. بۇنداق شارائىتتىكى بوغۇم لېكسىكىلىق ياكى گىرامماتىكىلىق مەنا ئىپادىلەيدۇ. لېكىن بۇنىڭغا قاراپ بوغۇمنى لېكسىكىلىق ياكى گىرامماتىكىلىق بىرلىك ھىساپلىغىلى بولمايدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى بوغۇملار سوزۇق تاۋۇش ياكى ئۈزۈك تاۋۇش

بىلەن ئاياقلاشقانلىقىغا قاراپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بۇ ئىككى تۈردىكى بوغۇملار سوزۇق تاۋۇشقا A نى، ئۈزۈك تاۋۇشقا B نى شەرتلىك بەلگە قىلىپ كۆرسەتكەندە ئالتە خىل شەكىلدە بولىدۇ.

سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان ياكى بىرلا سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بوغۇم ئوچۇق بوغۇم دېيىلىدۇ. بۇ، بوغۇمنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئىككى خىل شەكىلدە (A ۋە AB شەكىلدە) بولىدۇ. مەسىلەن: «ئۇ» دېگەن ئالماش بىرلا سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن A شەكىللىك بوغۇم بولسا، «دادا، تەنە» دېگەن سۆزلەردىكى بوغۇملار AB شەكىللىك بوغۇم بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئەمدى «ئاتا، ئۇكا، ئورا، ئىنى، ئوقۇغۇچى» قاتارلىق سۆزلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇملىرى A شەكىللىك بوغۇم بولسا، قالغان بوغۇملىرى AB شەكىللىك بوغۇملاردۇر.

ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان بوغۇم يېپىق بوغۇم دېيىلىدۇ. تىلىمىزدىكى يېپىق بوغۇم تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل شەكىلدە بولىدۇ.

BA شەكىللىك بوغۇم: ئاي، ئوق، ئۇر، ئۆز، ئۈن، ئەل، ئىت، ئات، ئوت، ئۇن

BBA شەكىللىك بوغۇم: ئاست، ئۈست، ئېيت، ئارت

BAB شەكىللىك بوغۇم: تاش، ياز، ماڭ، قوي، قان، سەن، يىل، يۈز، تۇر، كۆز، ھېس

BBAB شەكىللىك بوغۇم: قايت، دوست، ھېيت، تارس - تۇرس، شەرت، مەرت، قۇيت

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا يۇقۇرىدا كۆرسىتىلگەندەك ئالتە خىل شەكىلدىكى بوغۇم بولۇپ، ئۇلار ئەڭ ئاز دېگەندە بىر سوزۇق تاۋۇشتىن، ئەڭ كۆپ دېگەندە بىر سوزۇق، ئۈچ ئۈزۈك تاۋۇشتىن (تۆت تاۋۇشتىن) تۈزۈلىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. شۇنىڭدەك خەلقارا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان بىر قىسىم سۆزنى ھېساپقا ئالمىغاندا، ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن باشلىنىدىغان بوغۇم ئۇيغۇر تىلىدا يوق. ئۇنىدىن باشقا ئۇيغۇر تىلىدىكى بوغۇملاردا بىرلا سوزۇق تاۋۇش بولىدۇ، ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق سوزۇق تاۋۇش بولمايدۇ. مانا بۇلار ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس بىر خىل فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىگى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

بوغۇملارنىڭ قانداق سوزۇق تاۋۇشتىن (تىل كەينى ياكى تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشتىن، لەۋلەشكەن ياكى لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشتىن) ۋە قانداق ئۈزۈك تاۋۇشتىن (جاراڭلىق ياكى جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشتىن) تۈزۈلگەنلىگى سۆزلەرنىڭ مورفولوگىيىلىك قۇرۇلما ھاسىل قىلىشىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇرغۇن قوشۇمچە سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىنىڭ قانداق تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقانلىقىغا (سوزۇق تاۋۇش ياكى ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقانلىقىغا) ۋە ئۇنىڭ تەركىۋىدە قانداق سوزۇق تاۋۇش بارلىقىغا قاراپ ئۇلىنىدۇ. شۇڭا بوغۇملارنىڭ تۈرى ۋە شەكىللىرىنى پۇختا ئىگەللىۋېلىش زۆرۈر، ئەلۋەتتە.

## 3 - §. سۆز

سۆز — تىلدا قۇرۇلۇش ماتىرىيالىلىق رول ئوينايدىغان، جۈملە ۋە سۆز بىرىكمىسىدە ئەركىن قوللىنىلىدىغان ھەم سېمانتىكىلىق، ھەم مورفولوگىيىلىك بىرلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى سۆزسىز ھەرقانداق جۈملە ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنى تۈزۈشكە بولمايدۇ، سۆز ئېھتىياجغا قاراپ جۈملە ۋە سۆز بىرىكمىلىرىدە تۈرلۈك ۋەزىپىدە ئەركىن قوللىنىلىدۇ، سۆز، قۇرۇلما ۋە مەنا جەھەتتىن بىر پۈتۈنلۈكنى ھاسىل قىلغان بولىدۇ.

سۆزنىڭ قۇرۇلۇش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىگى ئۇنىڭ بىر ياكى بىرقانچە بوغۇمدىن تۈزۈلىدىغانلىقىدا، تەلەپپۇز قىلىنغاندا بوغۇملار ئارا تىنىشقا بولمايدىغانلىقى ۋە ئۇلارنى بىر گەۋدە سۈپىتىدە تەلەپپۇز قىلىش لازىملىقىدا، ھەر بىر سۆزنىڭ ئۇرغۇ ياكى تونىغا ئىگە ئىكەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، ۋەتەن، ئالما، ئۆرۈك دىگەن سۆزلەرنىڭ ھەرقايسىسى ئىككى بوغۇمدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۆزىگە خاس ئۇرغۇغا ئىگە. بۇلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا، ھەر بىرىنى بىر گەۋدە سۈپىتىدە تەلەپپۇز قىلىمىز، بوغۇملار ئارا تىنمايمىز.

سۆزنىڭ مەنا جەھەتتىكى ئالاھىدىلىگى (سېمانتىكىلىق ئالاھىدىلىگى) ئۇنىڭ ھەم مەلۇم ئۇقۇمنى (لېكسىكىلىق مەنىنى)، ھەم گىراماتىكىلىق مەنىنى ئىپادىلەيدىغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ تەپەككۇر پائالىيىتى ئارقىلىق تەبىئەتتىكى ۋە جەمىيەتتىكى خىلمۇ-خىل شەيئى، ھادىسە ھەم ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى، ھەركەتلىرى، ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدە مەلۇم ئۇقۇم ھاسىل قىلىدۇ، مانا بۇ ئۇقۇم تىلدا سۆز ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: «قەلەم» سۆزى مېتال ۋە باشقا نەرسىلەردىن ياسالغان خەت يېزىش قورالى دىگەن مەنىنى ئىپادىلىسە، «ئوقۇغۇچى» دىگەن سۆز مەكتەپلەردە ئوقۇش-ئۆگىنىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئۆسمۈرلەر ۋە ياشلارنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسى مۇشۇ شەيئىلەرنىڭ ماھىيەتلىك بەلگىلىرىنىڭ (خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ) كىشىلەر مېڭىسىدە ئەكس ئەتكەن ئۇقۇمى (چۈشەنچىسى) بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، شۇڭا بۇ خىل مەنا لېكسىكىلىق مەنا ئىپادىلەپلا قالماي، جۈملىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋىتىدىن ئىپادىلەنگەن ھەر خىل قوشۇمچە مەنىنىمۇ (گىراماتىكىلىق مەنىنىمۇ) ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: ئوقۇغۇچىلار قەلەمدە خەت يازدى، دىسەك، بۇ جۈملىدىكى «ئوقۇغۇچى، قەلەم» سۆزلىرى ئىسىملارنىڭ سان ۋە ئورۇن كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىپ «يازدى» دىگەن سۆز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئارقىلىق يۇقۇرقىدەك لېكسىكىلىق مەنا ئىپادىلەپلا قالماي، قوشۇمچە يېزىش ھەركىتىنىڭ ئىگىسى (ئوقۇغۇچى) كۆپ ئىكەنلىگىنى، خەت يېزىشتا قەلەمنىڭ ۋاستە بولغانلىقىنى ئىپادىلىمەكتە، مانا بۇ، بۇ سۆزلەرنىڭ گىراماتىكىلىق مەنىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، سۆزنىڭ گىراماتىكىلىق مەنىسى ئۇنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ.

ھەم لېكسىكىلىق، ھەم گىراماتىكىلىق مەنا ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر مۇستەقىل سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار ئىسىم، سۈپەت، سان، ئالماش، پېئىل، رەۋىش، تەقلىدىي سۆزلەردىن ئىبارەت.

لېكسىكىلىق مەنا ئىپادىلىمەيدىغان، جۈملىدە مۇستەقىل سۆزلەرگە قوشۇلۇپ گىراممات-
تىكىلىق مەنا ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر ياردەمچى سۆز دېيىلىدۇ. ئۇلار باغلىغۇچى. تىركەلمە
ۋە يۈكلىمىلەردىن ئىبارەت.

يا لېكسىكىلىق مەنا، ياكى گىراممىاتىكىلىق مەنا ئىپادىلىمەي، پەقەت پۈتۈن جۈملىدە
بايان قىلىنغان ئوي-پىكىرگە مۇناسىۋەتلىك ھەر خىل ھىس-تۇيغۇنىلا ئىپادىلەيدىغان
سۆزلەر ئۈندەش سۆز دېيىلىدۇ.

تىلىمىزدىكى سۆزلەر لېكسىكىلىق مەنىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ تۆۋەندىكىدەك
بىر قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

## 1. بىر مەنىلىك ۋە كۆپ مەنىلىك سۆزلەر

بىرلا مەنا ئىپادىلەيدىغان سۆز بىر مەنىلىك سۆز دېيىلىدۇ. خاس ئىسىملار، يېڭى-
دىن پەيدا بولۇۋاتقان سۆزلەر، پەن-تېخنىكا ئاتالغۇلىرى ۋە باشقا تىللاردىن قوبۇل
قىلىنغان بىر قىسىم سۆزلەر بىر مەنىلىك سۆز دائىرىسىگە كىرىدۇ. مەسىلەن: خوتەن،
قەشقەر، مۇھەممەت، ئۇرۇمچى، تىيانشان، خىمىيە، فىزىكا، كوممۇنىزم، سوتسىيالىزم.
تىلشۇناسلىق، پەلسەپە، تارىخ ...... بىر مەنىلىك سۆزلەرنىڭ كۆپ قىسمى ھەرقايسى
ساھەلەردە مەخسۇس قوللىنىلىدىغان ئاتالغۇلار بولۇپ، لۇغەت تەركىبىنىڭ ئاساسىي قىس-
مىنى تەشكىل قىلالمايدۇ.

بىر ئاساسىي مەنىنى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك يەنە بىرقانچە مەنىنى ئىپادىلەيدى-
غان سۆزلەر كۆپ مەنىلىك سۆز دېيىلىدۇ. باشقا تىللاردىكىگە ئوخشاش، ئۇيغۇر تىلىدىمۇ
كۆپ مەنىلىك سۆزلەر لۇغەت تەركىبىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. چۈنكى
تىلىمىزدىكى نۇرغۇنلىغان سۆز كۆپ مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

كۆپ مەنىلىك سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى ئاساسىي مەنا بولسا، باشقا مەنىلىرى شۇ
مەنانىڭ كېڭىيىشى ئاساسىدا كېلىپ چىققان مەنىلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:
«ئوچۇق» سۆزى تۆۋەندىكىدەك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىشىك ئوچۇق — ئەسلى مەنىسى،
ھاۋا ئوچۇق — ھاۋادا بۇلۇت يوق،
قولى ئوچۇق — مەرت، سېخى،
ئوچۇق كىشى — ساددە، خۇشخۇي كىشى ۋە باشقىلار.

كۆپ مەنىلىك سۆزنىڭ ھەر خىل مەنىسى ئالاقە شارائىتىدا ئايرىلىشىپ كەتمەيدۇ.
ئۇنىڭ قانداق مەنىدە قوللىنىلغانلىقى جۈملە ۋە سۆز بىرىكمىلىرىدە ئېنىق بىلىنىپ تۇرى-
دۇ، شۇڭا كۆپ مەنىلىك سۆز قانچە كۆپ بولسا، شۇنچە ياخشى.

## 2. مەنىداش سۆزلەر

مەنىلىرى ئۆزئارا يېقىن ياكى ئوخشاپ كېتىدىغان، لېكىن فونېتىكىلىق شەكلى ھەم
قوللىنىلىشى ئوخشىمايدىغان سۆزلەر مەنىداش سۆز دېيىلىدۇ. مەسىلەن: كۈچ، قۇۋۋەت،
ماغدۇر، بايراق، ئەلەم، تۇغ، كۆپ، تولا، نۇرغۇن، جىق، ئاۋۇن؛

مەنداش سۆزلەرنىڭ مەنىلىرى ئۆزئارا يېقىن سۆزلەرنىڭ ئايرىم تۇرغاندىكى مەنىسىگە قارىتىلغان. مەنداش سۆزلەرنىڭ مەنىلىرى بىر - بىرىگە يېقىن بولسىمۇ، لېكىن ئىنچىكىلەپ كۆزەتكەندە ئۇلارنىڭ قوللىنىلىشىدا ئاز - تولا پەرق بار. مەسىلەن: ئارام بىلەن ھاردۇق، ۋاپات بولۇش بىلەن ئۆلۈش، ئادەم بىلەن كىشى سۆزلىرى ئۆزئارا مەنىلىرى يېقىن ياكى ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن كۆڭۈلنىڭ ئارامى يوق دېگەننىڭ ئورنىغا كۆڭۈلنىڭ ھاردۇقى يوق دېگىلى بولمىغاندەك، ھاردۇق يەتتى دېگەننىڭ ئورنىغا ئارام يەتتى دېگىلى بولمايدۇ؛ ئادەم بولۇپ قالدى دېگەننىڭ ئورنىغا كىشى بولۇپ قالدى دېگىلى بولمىغاندەك، كىشىلىك جەمئىيەتتى دېگەننىڭ ئورنىغا ئادەملىك جەمئىيەتتى دېگىلى بولمايدۇ. ئەمدى ئۆلۈش سۆزى ئۆلگۈچىگە نىسبەتەن ئانچە ھۆرمەت قىلمىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، شۇڭا ئۇنى ئادەتتىكى ئادەملەرگە ۋە جانلىقلارغا ئوخشاشلا قوللانغىلى بولىدۇ، لېكىن ۋاپات بولۇش سۆزى ئۆلگۈچىگە نىسبەتەن ھۆرمەتنى ئىپادىلىگەچكە، ئادەملەرگىلا قوللىنىلىدۇ، باشقا جانلىقلارغا قوللىنىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەنداش سۆزلەرنىڭ كۆپ بولۇشى پايدىلىق، چۈنكى مەنداش سۆزلەر شەيئى ۋە ئۇلارنىڭ بەلگە ھەم خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ ئىنچىكە پەرقلىرىنى سۈرەتلەش، ئوي - پىكرىنى ئېنىق، جانلىق ئىپادىلەشتە مۇھىم ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە بولۇپ رول ئوينايدۇ.

مەنداش سۆزلەر ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

بىرىنچى، ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىدە ئوبيېكتىپ شەيئى ۋە ئۇنىڭ ھەر خىل ئالاھىدىلىكلىرىنى چوڭقۇر تونۇپ ھاسىل قىلغان يېڭى - يېڭى ئۇقۇملىرىنى يېڭى - يېڭى سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. بۇ سۆزلەر شۇ شەيئى ۋە ھادىسىنى ھەم ئۇلارنىڭ تۈرلۈك خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ئەسلىدىكى سۆزلەر بىلەن مەنداش بولۇپ قېلىش نەتىجىسىدە مەنداش سۆزلەر كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن: يۈز، ماڭ؛ ئەتىياز، باھار، كۆكلەم؛ لاۋزا، تېتىقسىز، تەمسىز؛ ئۆزگىچە، باشقىچە؛ ...

ئىككىنچى، ئەدەبىي تىلدا ئەسلىدە بار بولغان سۆزلەر بىلەن بىللە دىئالېكت سۆزلىرىنى بىرئاز پەرقلەندۈرۈپ قوللىنىش نەتىجىسىدە مەنداش سۆزلەر كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن: ياخشى، ئوبدان، بەلەن؛ ئاچا، ھەدە، ئاپلا؛ ئانا، ئاپا؛ مۆرە، يەلكە، زىممە؛

ئۈچىنچى، ئۇيغۇر تىلىدا ئەسلى بار سۆزلەر بىلەن باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان بەزى سۆزلەرنىڭ مەنا جەھەتتىن يېقىن بولۇشى ۋە ئۇلارنى پەرقلىق قوللىنىش نەتىجىسىدە يەنە بەزى مەنداش سۆزلەر كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن: كىشى بىلەن ئەرەپچىدىن كىرگەن ئادەم ۋە ئىنسان سۆزلىرى؛ ئېنىق، ئوچۇق بىلەن پارس تىلىدىن كىرگەن روشەن سۆزى؛ چاقچاق بىلەن خەنزۇچىدىن كىرگەن شاكخۇ سۆزى؛ ئەرەپچىدىن كىرگەن دەلىل، ئىسپات سۆزلىرى بىلەن لاتىنچىدىن كىرگەن پاكىت سۆزى مۇشۇ دائىرىدىكى مەنداش سۆزلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 3. زىت مەنىلىك سۆزلەر

مەنىلىرى بىر - بىرىگە زىت بولغان سۆزلەر زىت مەنىلىك سۆز دېيىلىدۇ. مەسىلەن: ئىسسىق بىلەن سوغ، راست بىلەن يالغان، دوست بىلەن دۈشمەن، چوڭ بىلەن كىچىك،

هايات بىلەن مامات ۋە باشقىلار.

زىت مەنىلىك سۆز بولۇش ئۈچۈن مەنىلىرى بىر بىرىگە قارىمۇ-قارشى بولغان (كەم دىگەندە) ئىككى سۆز بولۇشى كېرەك. مەنىلىرى قارىمۇ-قارشى بولمىغان سۆزلەر زىت مەنىلىك سۆز بولالمايدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەر قوللىنىش دائىرىسىگە قاراپ خىلمۇ-خىل زىت مەنىلىك سۆز تۈپىنى هاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن: ئىگىز سۆزى كىشىلەرگە قارىتا قوللىنىلغاندا «پاكار» دىگەن سۆز بىلەن زىت مەنىلىك بولسا، باشقا نەرسىلەرگە قوللىنىلغاندا «پەس» سۆزى بىلەن زىت مەنىلىك سۆز بولىدۇ. مەسىلەن: ئىگىز ئادەم، پاكار ئادەم؛ ئىگىز ئۆي، پەس ئۆي دىگەنلەرگە ئوخشاش.

بەزىدە بىر مەنىداش سۆز تۈپىگە يەنە بىر مەنىداش سۆز تۈپى زىت مەنىلىك بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: چىرايلىق، كۆركەم، ياخشى دىگەن مەنىداش سۆز تۈپىگە سەت، كۆرۈمسىز، يامان دىگەن مەنىداش سۆز تۈپى زىت مەنىلىك بولغانغا ئوخشاش.

زىت مەنىلىك سۆزلەر ئېنىق نىسبەتنى ئىپادىلىگەنلىكى ئۈچۈن، مۇۋاپىق قوللىنىلسا، ئوي-پىكىرنى جانلىق، تەسىرلىك ئىپادىلەشتە مۇھىم ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە بولۇپ رول ئوينايدۇ. شۇڭا ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئۆز تەجرىبىلىرىدىن يەكۈنلىگەن ماقال-تەمسىللىرىدە زىت مەنىلىك سۆزلەرنى كۆپ قوللانغان. مەسىلەن: كۆز قورقاق، قول باتۇر.

ياخشى تېپىپ سۆزلەيدۇ، يامان كۆپۈپ (سۆزلەيدۇ).
ياخشىغا ئىشارەت، يامانغا جۇۋالدۇرۇز.
بىلىملىك ئۇزار، بىلىمسىز تۇزار.

## 4. ئاهاڭداش سۆزلەر

فونېتىكىلىق شەكلى ئوخشاش، لېكىن مەنىلىرى ئوخشىمايدىغان سۆزلەر ئاهاڭداش سۆز دېيىلىدۇ. مەسىلەن: قارا رەڭ، ماڭا قارا؛ قوش ھەيدە، ئۇنىڭغا قوش، قوش قوللاپ... دىگەنلەردىكى «قارا» سۆزى بىلەن «قوش» سۆزىنىڭ فونېتىكىلىق شەكلى ئوخشاش، لېكىن بىلدۈرىدىغان مەنىسى پۈتۈنلەي باشقا-باشقا، شۇڭا بۇلار ئاهاڭداش سۆز ھىساپلىنىدۇ.

ئاهاڭداش سۆزلەر تۆۋەندىكىدەك سەۋەپلەر نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن:

بىرىنچى، كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ مەنىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ بارغانسېرى يىراقلىشىشى، لېكىن فونېتىكىلىق شەكلىدە ئۆزگىرىش بولمىغانلىقى سەۋەپلىك بەزى ئاهاڭداش سۆزلەر كېلىپ چىققان. مەسىلەن: سال (ساندۇقتا سال، سالنى دەرياغا سال)، ئاچ (ئىشىكنى ئاچ، قوساق ئاچ) قاتارلىق ئاهاڭداش سۆزلەر ئەنە شۇنداق شەكىللەنگەن دېيىشكە بولىدۇ.

ئىككىنچى، ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى چەكسىز شەيئى-هادىسە ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەت-بەلگە ھەم ھەركەتلىرىنى تىلدىكى چەكلىك تاۋۇشلار بىلەن ئىپادىلەش نەتىجىسىدە بىر قىسىم ئاهاڭداش سۆزلەر شەكىللەنگەن. مەسىلەن: ياش (ئىسىم) — كۆز يېشى، ياش (سۈپەت) ياش ئايال؛ ئات (ئىسىم) مىنىدىغان ئات، ئېتىڭ نىمە، ئات (پېئىل) مىلتىقنى

ئات... دىگەن سۆزلەر ئەنە شۇنداق شەكىللەنگەن.
ئۈچىنچى، بەزى سۆزلەرنىڭ فونېتىك شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشى نەتىجىسىدىمۇ بەزى ئاھاڭداش سۆزلەر شەكىللەنگەن. مەسىلەن: ئېيت (پاكىز ئېيت، گېپىڭنى ئېيت) سۆزى قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا ئايت، ئارت بولۇپ قوللىنىلغان، كېيىن بۇ سۆزلەرنىڭ تاۋۇشىدا ئۆزگىرىش بولۇپ (ئارتتىكى «ر» تاۋۇشى «ي» غا «ئا» تاۋۇشى «ې» غا ئۆزگىرىپ) ئاھاڭداش بولۇپ قالغانغا ئوخشاش.
تۆتىنچى، باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ شەكلى ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى سۆزلەرنىڭ شەكلىگە ئوخشاپ قېلىش نەتىجىسىدە بىر قىسىم ئاھاڭداش سۆزلەر شەكىللەنگەن. مەسىلەن: چەك (چەك - چېگرادىكى چەك بىلەن بانكىنىڭ چېكىدىكى چەك)، پۇت (پۇت ئاغرىدى)، بىر پۇت ئاشلىق دىگەنلەردىكى «پۇت» سۆزلىرى ئەنە شۇنداق شەكىللەنگەن ئاھاڭداش سۆزلەردۇر.
شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش زۆرۈركى، كۆپ مەنىلىك سۆز بىلەن ئاھاڭداش سۆز قارىماققا ئوخشاشتەك كۆرۈنىدۇ، لېكىن بۇلار تۆۋەندىكى جەھەتلەردە كەسكىن پەرقلىنىدۇ: ئاھاڭداش سۆزلەرنىڭ مەنىلىرى ئوتتۇرىسىدا لوگىكىلىق باغلىنىش بولمايدۇ، كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ مەنىلىرى ئوتتۇرىسىدا لوگىكىلىق باغلىنىش بولىدۇ؛ ئاھاڭداش سۆزلەرنىڭ خاراكتىرى (سۆز تۈركۈمى) ئوخشاش بولمايدۇ، كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ خاراكتىرى ئوخشاش بولىدۇ.
ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يۇقۇرىدا كۆرسىتىلگەندەك ھەر خىل لېكسىكىلىق مەنا ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر قۇرۇلما جەھەتتە ئىككى خىل بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرى تۈپ سۆز، يەنە بىرى ياسالما سۆز بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.
بىرلا مەنىلىك بۆلەكتىن (مورفېمىدىن) تۈزۈلگەن سۆزلەر تۈپ سۆز دىيىلىدۇ. مەسىلەن: ئىش، ئات، قوي، سودا، ياخشى، ئاق، ئاز، بۇ، شۇ، ماڭ، ئولتۇر، ئوقۇ،...
بىردىن ئارتۇق مەنىلىك بۆلەكتىن تۈزۈلگەن سۆزلەر ياسالما سۆز دىيىلىدۇ. مەسىلەن: ئىشچى، ئاتلىق، قويچى، سودىگەر، ياخشىلىق، ئاقلاش، ئازايتىش، بۇنداق، شۇنچە، ئوقۇغۇچى، ماڭغۇچى، ئولتۇرغۇچى...
ياسالما سۆزلەر ئىككى خىل يول بىلەن ياسىلىدۇ: بىرى سۆزگە سۆز قوشۇش يولى، يەنە بىرى سۆزگە سۆز قوشۇمچە قوشۇش يولى.
سۆزگە سۆز قوشۇش يولى بىلەن ياسالغان سۆزلەر ئىككى خىل بولىدۇ: بىرى جۈپ سۆز، يەنە بىرى بىرىككەن سۆز.
ئىككى تۈپ سۆزنىڭ تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتە باغلىنىپ كېلىشىدىن تۈزۈلگەن ياسالما سۆزلەر جۈپ سۆز دىيىلىدۇ. بۇ خىل سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا (يېزىقتا) سىزىقچە قويۇلىدۇ. مەسىلەن: چوڭ - كىچىك، ئاتا - ئانا، ئاچا - سىڭىل، ئالمان - تالمان، گۈلدۈر - گۈلدۈر، تاراق - تۇرۇق، شاق - شۇق...
ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق تۈپ سۆزنىڭ بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە بىرىكىپ كېلىشىدىن تۈزۈلگەن ياسالما سۆز بىرىككەن سۆز دىيىلىدۇ. بىرىككەن سۆزلەر مەنا ۋە قۇرۇلما جەھەتتە بىر پۈتۈنلۈك ھاسىل قىلغان بولىدۇ، سۆزلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ، ئاساسەن، يوقالغان بولىدۇ. ھەتتا بەزىلىرى خۇددى بىر سۆزدەك (بىرلا مەنىلىك بۆ-

لەكتەك) بولۇپ كەتكەن بولىدۇ. مەسىلەن: ئاقسۇ، تاشپاقا، ئۈچتۇرپان، يورۇڭقاش، خوشال، ئاللىقانداق، ئاللىقاچان، ھېچقانداق...

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى ياسالما سۆزلەر سۆزگە قوشۇمچە قوشۇش يولى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن: ئاشپەز، تارىخشۇناس، بىلىملىك، يېزىقچىلىق، قوغۇنلۇق، كۈچلۈك، ئىشچان، سىمسىز، بەتقىلىق، تېرىلغۇ، ئېزىلەڭگۈ، ئىچكى، تاشقى، كۈزگى...

يېڭى لېكسىكىلىق مەنا ئىپادىلەيدىغان ياسالما سۆزلەرنى ياسايدىغان ۋە سۆزلەرنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىدىغان قوشۇمچە ياسىغۇچى قوشۇمچە دېيىلىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا 80 يۈرۈشكە يېقىن ياسىغۇچى ۋە ئۆزگەرتكۈچى بار. بۇ قوشۇمچىلارنىڭ قانداق سۆز ياسايدىغانلىقى مۇشۇ باپنىڭ ئاخىرىدا جەدۋەل ئارقىلىق كۆرسىتىلدى.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يۇقۇرقىدەك خىلمۇ-خىل لېكسىكىلىق مەنا ئىپادىلەيدىغان تۈپ ۋە ياسالما سۆزلەر يىغىلىپ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىۋىنى ھاسىل قىلىدۇ (ئاساسىي لۇغەت تەركىۋى ۋە ئادەتتىكى لۇغەت تەركىۋىنى ھاسىل قىلىدۇ).

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەممىسىگە بىردەك چۈشىنىشلىك بولغان، ئاسان ئۆزگەرمەيدىغان (ئۇزۇن ياشايدىغان)، ئادەتتە كۆپ قوللىنىلىدىغان سۆزلەر ئاساسىي لۇغەت تەركىۋىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ خىل سۆزلەرنىڭ كۆپى تۈركىي مىللەتلەرگە ئورتاق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

خەلقنىڭ ھەممىسى چۈشەنمەيدىغان، ئاسان ئۆزگىرىدىغان، ئادەتتە كۆپ قوللىنىلمايدىغان سۆزلەر ئادەتتىكى لۇغەت تەركىۋىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ خىل سۆزلەرگە پەن-تېخنىكا ئاتالغۇلىرى، ئىجتىمائىي ئادەت سۆزلىرى ۋە دىئالېكت-شىۋە سۆزلىرى كىرىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىۋىدىكى سۆزلەر ئۇمۇمى گىرامماتىكىلىق مەنىسىگە، مورفولوگىيىلىك قۇرۇلمىسىغا ۋە جۈملىدىكى رولىغا قاراپ، ئىسىم، سۈپەت، سان، ئالماش، پېئىل، رەۋىش، تەقلىدىي سۆز، باغلىغۇچى، تىركەلمە، يۈكلىمە، ئۈندەش دەپ 11 تۈركۈمگە بۆلۈنىدۇ.

### 1) ئىسىم

ئىسىملار ئۇمۇمى مەنا جەھەتتە شەيئى ۋە ھادىسىنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمىدۇر.

ئىسىملار قۇرۇلما جەھەتتە ئۆزىگە خاس سان، شەخس، كېلىش كاتېگورىيىلىرى بىلەن تۈرلىنىدۇ، ئۆزىگە خاس ياسىغۇچى قوشۇمچىلار بىلەن ياسىلىدۇ.

ئىسىملار جۈملىدە ھەر خىل ۋەزىپىدە (ھالەتتىن باشقا ۋەزىپىدە) كېلەلەيدۇ، سۈپەت، سان ۋە سۈپەتداشلار بىلەن ئېنىقلىنىدۇ.

دېمەك، ئىسىملار ئۆزىگە خاس مەنا ۋە گىرامماتىكىلىق خۇسۇسىيىتى ئارقىلىق باشقا سۆز تۈركۈملىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئاساسلىق سۆز تۈركۈملىرىنىڭ بىرىدۇر.

ئىسىملار ئۆزلىرىنىڭ مەنا جەھەتتىكى ئىخچاملاش خاراكتېرىغا قاراپ، خاس ئىسىم ۋە ئۇمۇمى ئىسىم (تۈر ئىسىم، تۈردەش ئىسىم) دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

خاس ياكى يەككە شەيئى ۋە ھادىسىنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار خاس ئىسىم (تۈر ئىسىم) دېيىلىدۇ. مەسىلەن: قەشقەر، بېيجىڭ، ئۈرۈمچى، سايرام، تارىم، تيانشان، كۇئىنلۇن، تىلشۇناسلىق، خىمىيە، ماتېماتىكا، ئەخمەت، تۇرسۇن، خەلچەم، ماھىنۇر...

بىر خىلدىكى ياكى بىر تۈردىكى شەيئى ۋە ھادىسىلەر نامىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار ئومۇمى ئىسىم (تۈردەش ئىسىم) دېيىلىدۇ. مەسىلەن: شەھەر، دەريا، تاغ، پەن، تەبىئى پەن، ئىجتىمائى پەن، ئادەم، ئەر، ئايال، ئۆي، سۇ، كۆل، كۈل...

ئىسىملار مورفولوگىيىلىك قۇرۇلمىسىغا قاراپ، تۈپ ئىسىم ۋە ياسالما ئىسىم دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

بىرلا مەنىلىك بۆلەكتىن تۈزۈلگەن ئىسىملار تۈپ ئىسىم دېيىلىدۇ. مەسىلەن: قوغۇن، تاۋۇز، سودا، تاش، ئاش، قول، پۇت، سادىق، ئەنئەنە، ئىقتىسات، تارىخ، ئىدىيە، تەپەككۇر

بىرقانچە مەنىلىك بۆلەكتىن تۈزۈلۈپ يېڭى لېكسىكىلىق مەنا ئىپادىلەيدىغان ئىسىملار ياسالما ئىسىم دېيىلىدۇ. بۇخىل ئىسىملار سۆز قوشۇش ياكى سۆزگە قوشۇمچە قوشۇش يولى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن: ئاتا-ئانا، ئاش-پاش، نان-پان، ئاچا-سىڭىل، پەن-تېخنىكا، سىياسى ئىقتىسات، بەلۋاغ، قاراماي، تايىر يۈزى، قەلەمقاش، سېرىقتال، بەشېرىق، كۆكيار، قەلەمپۇر ... دېگەنگە ئوخشاش جۈپ ۋە بىرىككەن ئىسىملار سۆزگە سۆز قوشۇش يولى بىلەن ياسالغان ياسالما ئىسىم بولسا، ئاشپەز، سودىگەر، ناۋاي، ياخشىلىق، يېزىق، تىلشۇناسلىق، ئىشچىلىق، قوغۇنلۇق ... دېگەنگە ئوخشاش ياسالما ئىسىملار سۆزگە قوشۇمچە قوشۇش يولى بىلەن ياسالغان ئىسىم بولۇپ ھېساپلىنىدۇ، ئەمدى ئۈنئالغۇ، شامالكۆرسەتكۈچ، سىنئالغۇ، سىياسى ئىقتىساتچى ... دېگەنگە ئوخشاش ياسالما ئىسىملار ھەم سۆزگە سۆز قوشۇش، ھەم سۆزگە قوشۇمچە قوشۇش يولى بىلەن ياسالغان ئىسىملاردۇر.

مەيلى خاس ئىسىم ياكى ئومۇمى ئىسىم بولسۇن، مەيلى تۈپ ياكى ياسالما ئىسىم بولسۇن، ھەممىسى ئىسىملارنىڭ سان، شەخس، كېلىش كاتېگورىيىلىرى بىلەن تۈرلىنىدۇ.

ئىسىملارنىڭ سان كاتېگورىيىسى ئىككى خىل گىراماتىكىلىق شەكىلدە (نۆل شەكىلدە ۋە لار، لەر قوشۇمچىسى قوشۇلغان شەكىلدە) كېلىپ ئىسىملاردا ئىپادىلەنگەن شەيئى ۋە ھادىسىنىڭ بىرلىك ۋە كۆپلۈكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

| بىرلىك شەكىلدىكى ئىسىملار | كۆپلۈك شەكىلدىكى ئىسىملار |
|---|---|
| ئاش، گۆش، چاي، ئىشچى، سودىگەر، ئاتا-ئانا، ئاكا-ئۇكا، ئۈنئالغۇ، سىياسى ئىقتىساتچى | ئاشلار، گۆشلەر، چايلار، ئىشچىلار، سودىگەرلەر، ئاتا-ئانىلار، ئاكا-ئۇكىلار ئۈنئالغۇلار، سىياسى ئىقتىساتچىلار |

ئىسىملارنىڭ شەخس كاتېگورىيىسى ئىسىملاردا ئىپادىلەنگەن شەيئى ۋە ھادىسىنىڭ ئۈچ شەخسكە (سۆزلىگۈچى، تىڭشىغۇچى، ئۆزگىدىن ئىبارەت 3 شەخسكە) تەۋە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىسىملارنىڭ شەخس كاتېگورىيىسى بىلەن تۈرلىنىشىنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن كۆرۈڭلار:

| قانداق شەخس | قانداق شەكىل | قانچىنچى شەخس | قوشۇمچىلار | تۈرلەنگەن ئىسىملار |
|---|---|---|---|---|
| ئىگىلىك شەخس | بىرلىك | بىرىنچى شەخس | -م، -ىم، -ۇم، -ۈم | دادام، ئېتىم، قولۇم، ئۆيۈم |
| | | ئىككىنچى شەخس | -ڭ، -ىڭ، -ۇڭ، -ۈڭ<br>-ڭىز، -ىڭىز، -لىرى | داداڭ، ئېتىڭ، قولۇڭ، ئۆيۈڭ<br>دادىڭىز، ئېتىڭىز، قولىڭىز، ئۆيلىرى |
| | | ئۈچىنچى شەخس | -ى، -سى | ئېتى، قولى، دادىسى، بالىسى |
| | كۆپلۈك | بىرىنچى شەخس | -مىز، -ىمىز | دادىمىز، ئېتىمىز، قولىمىز، كۆزىمىز |
| | | ئىككىنچى شەخس | -ڭلار، -ىڭلار<br>-ۇڭلار، -ۈڭلار | داداڭلار، ئېتىڭلار، قولۇڭلار، كۆزۈڭلار |
| | | ئۈچىنچى شەخس | -ى، -سى | دادىسى، قولى، ئېتى |
| خەۋەرلىك شەخس | بىرلىك | بىرىنچى شەخس | -مەن | ئوقۇغۇچىمەن، كادىرمەن |
| | | ئىككىنچى شەخس | -سەن، -سىز | ئىشچىسەن، كادىرسىز |
| | | ئۈچىنچى شەخس | -دۇر، -تۇر | ئىشچىدۇر، ئاتتۇر |
| | كۆپلۈك | بىرىنچى شەخس | -مىز | ئوقۇغۇچىمىز، كادىرمىز |
| | | ئىككىنچى شەخس | -سىلەر | ئوقۇغۇچىسىلەر، كادىرسىلەر |
| | | ئۈچىنچى شەخس | -دۇر، -تۇر | ئوقۇغۇچىدۇر، كادىردۇر |

ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسى ئىسىملارنىڭ جۈملىدە قانداق ۋەزىپىدە ۋە قانداق سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتتە كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان كاتېگورىيىدۇر. بۇ كاتېگورىيە بىلەن تۈرلەنگەن ئىسىملار ئالتە خىل گىراماتىكىلىق شەكىلدە بولىدۇ. ھەربىر شەكىلنىڭ ئىپادىلەيدىغان گىراماتىكىلىق مەنىسى بىر بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسى بىلەن تۈرلىنىشى ۋە ئىپادىلىگەن مەنىسىنى 15 - بەتتىكى جەدۋەلدىن كۆرۈڭلار:

### 2) سۈپەت

سۈپەتلەر شەيئىلەرنىڭ ھەرخىل خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىپادىلەيدىغان سۆز تۈركۈمىدۇر. مەسىلەن: ئاق، كۆك، قىزىل، يېشىل ... غا ئوخشاش سۈپەتلەر شەيئىلەرنىڭ رەڭگىنى بىلدۈرسە؛ تاتلىق، ئاچچىق، چۈچۈمەل، تەمسىز ... دېگەندەك سۈپەتلەر شەيئىلەرنىڭ تەمىنى بىلدۈردۇ. ئەمدى ياخشى، كۈچلۈك، ئېقىللىق، ئاز، كۆپ، تىرىشچان، بىئەدەپ، بەتقىلىق

| كېلىش شەكىللىرى | قوشۇمچىسى | مەنىسى | تۈرلەنگەن ئىسىملار |
|---|---|---|---|
| باش كېلىش | يوق | بايان قىلغۇچى ۋە بايان قىلىنغۇچى بولۇش | يول، ئات، ئۆي، مەش، شەرق |
| ئىگىلىك كېلىش | نىڭ | ئىگىلىگۈچى شەيئى ۋە ھادىسىنى ئىپادىلەش | يولنىڭ، ئاتنىڭ، ئۆينىڭ، مەشنىڭ، شەرقنىڭ، قەشقەرنىڭ |
| چۈشۈم كېلىش | نى | بىۋاستە ئوبيېكتنى ئىپادىلەش | يولنى، ئاتنى، ئۆينى، شەرقنى |
| يۆنىلىش كېلىش | غا - قا<br>گە - كە<br>غە - قە | ھەرىكەتنىڭ يۆنىلىشى بولغان شەيئى ۋە ھادىسىنى ئىپادىلەش | يولغا، ئاتقا، ئۆيگە، مەشكە، قەشقەرغە، شەرققە |
| ئورۇن - پەيت كېلىش | دا - تا<br>دە - تە | ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئورنى ۋە پەيتى بولغان شەيئى ۋە ھادىسىنى ئىپادىلەش | يولدا، ئاتتا، ئۆيدە، مەشتە، شەرقتە، قەشقەردە |
| چىقىش كېلىش | دىن - تىن | ئىش - ھەرىكەتنىڭ چىقىش نۇقتىسىنى ئىپادىلەش | يولدىن، ئۆيدىن، ئاتتىن، رەتتىن |

دېگەنگە ئوخشاش سۈپەتلەر شەيئىلەرنىڭ ھەجمى، ھالىتى... قاتارلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلدۈرىدۇ.

سۈپەتلەر جۈملىدىكى رولى جەھەتتىمۇ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، جۈملىدىكى ئىسىم خاراكتېرلىق بۆلەكلەرگە باغلىنىپ، ئۇلارنى ئېنىقلاش رولىنى ئوينايدۇ.

سۈپەتلەر مورفولوگىيىلىك قۇرۇلما جەھەتتىمۇ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۆزىگە خاس ياسىغۇچى قوشۇمچىلار بىلەن ياسىلىدۇ ۋە ئۆزىگە خاس دەرىجە كاتېگورىيىسى بىلەن تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن: ئىشچان، ئېقىلسىز، نائىنساپ، بەتقىلىق، كۈچلۈك، پۇرسەتپەرەس، ۋەتەنپەرۋەر، سولچىل ... قاتارلىق سۈپەتلەر مەخسۇس سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە ئارقىلىق ياسالغان سۈپەتلەردۇر.

دېمەك، سۈپەتلەر ياسالما قۇرۇلما جەھەتتە ئەسلى (تۈپ) سۈپەت، نىسبى (ياسالما) سۈپەت دەپ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ.

سۈپەتلەرنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى بىرخىل خۇسۇسىيەتنىڭ ھەرخىل دەرىجىسىنى ئىپادىلەيدۇ. سۈپەت دەرىجىلىرىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى ۋە كونكرېت مەنىسىنى 16 - بەتتىكى جەدۋەلدىن كۆرۈڭلار.

### 3) سان

شەيئىلەرنىڭ سانىنى ئىپادىلەيدىغان سۆز تۈركۈمى سان دەپ ئاتىلىدۇ. شەيئىلەر مىقدار، تەرتىپ، ھەجىم، تۈر جەھەتتە بىر ياكى كۆپ بولىدۇ. شۇڭا تىلدا شەيئىلەرنىڭ مىقدار، تەرتىپ، ھەجىم، تۈر جەھەتتىكى سانىنى ئىپادىلەيدىغان سۆز تۈركۈمى بولىدۇ. مەسىلەن: يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس (ماقال). مەن بىرمىڭ توققۇز يۈز ئەللىگىنچى يىلى تۇغۇلغان. قويۇڭ مىڭغا يەتكىچە دوستۇڭ مىڭغا يەتسۇن. يۈزجاڭ ئون ئالدىم ... دېگەن جۈملىلەردىكى «يەتتە، بىر، بىرمىڭ توققۇزيۈز ئەللىگىنچى، مىڭغا، يۈز» دېگەن سانلار

| سۈپەت دەرىجىلىرى | سۈپەت دەرىجىلىرىنىڭ ئىپادىلىنىش يولى | ئىپادىلەيدىغان مەنىسى | سۈپەتلەرنىڭ تۈرلەنگەن شەكىللىرى |
|---|---|---|---|
| ئاددىي دەرىجە (نۆل دەرىجە) | نۆل شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ | خۇسۇسىيەتنىڭ نورمال دەرىجىسىنى بىلدۈرىدۇ | ئاق، چوڭ، ئىگىز، كۆك، سېرىق، قارا، ياخشى |
| سىلىشتۇرما دەرىجە | راق، رەك قوشۇمچىسىنى قوشۇش يولى | خۇسۇسىيەتنى سىلىشتۇرىدۇ | ئاقراق، چوڭراق، ئىگىز- رەك، كۆكرەك ... |
| كەمسىتىش دەرىجە | ۇچ - ۈچ - غۇچ متۇل قوشۇمچە- لىرى ئارقىلىق | خۇسۇسىيەتنىڭ كەملىكىنى بىلدۈرىدۇ | ئاقۇچ، كۆكۈچ، سارغۇچ، قىزغۇچ، قارامتۇل |
| ئەركىلىتىش ۋە كىچىكلىتىش دەرىجە | غىنا - قىنا - كىنە قوشۇمچىلىرى ئارقىلىق | خۇسۇسىيەتنىڭ كۆڭۈلگە ياققان دەرىجىسىنى بىلدۈرىدۇ | ئاققىنا، ياخشىغىنا، تاتلىققىنا، نازۇككىنە، كىچىككىنە |
| ئاشۇرۇش دە- رىجە | بوغۇم تەكرارلاش ۋە سۆز قوشۇش ئارقىلىق | خۇسۇسىيەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىسىنى بىلدۈرىدۇ | ئاپپاق، كۆپكۆك، ساپ- سېرىق، ئەڭ ياخشى، خوپ ئوبدان، تازا چوڭ |

شەيئىلەرنىڭ ھەر جەھەتتىكى سانىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن.

سانلارنىڭ ئۆزىگە خاس ياسىغۇچى قوشۇمچىسى ياكى تۈرلىگۈچى قوشۇمچىسى يوق. لېكىن تۈپ سانلارنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇشى بىلەن مۇرەككەپ سانلار (يىگىرمەبەش، ئون مىڭ، بىر يۈز ئەللىك يەتتە، بەشتىن بىر، ئوندىن ئىككى ... دېگەندەك)، بىر قىسىم قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ھەرخىل سانلار (دەرىجە سان، مۆلچەر سان، ئۆملۈك سان قاتارلىق سانلار) ياسىلىدۇ.

سانلار جۈملىدە، ئاساسەن، ئىسىملارغا باغلىنىپ كېلىپ ئېنىقلىغۇچىلىق رول ئوينايدۇ. ئۆزى ھېچقانداق ئېنىقلىغۇچى قوبۇل قىلمايدۇ.

سانلار يۇقۇرقىدەك مەنا، قۇرۇلما ۋە جۈملە جەھەتتىكى خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن باشقا سۆز تۈركۈمىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

سانلار قۇرۇلما جەھەتتىن ئاددىي سان، مۇرەككەپ سان دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

بىرلا سۆزدىن تۈزۈلگەن سانلار ئاددىي سان دېيىلسە، بىر قانچە سۆزدىن تۈزۈلگەن سانلار مۇرەككەپ سان دېيىلىدۇ. مەسىلەن: بەش، تۆت، ئۈچ، يەتتە، يۈز، مىڭ، مىليارت ... دېگەنلەر ئاددىي سان بولسا، ئون مىڭ، بىر يۈز بەش، بىرمىڭ توققۇز يۈز سەكسەن بەشىنچى ... دېگەنلەر مۇرەككەپ سان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

سانلار مەنا جەھەتتىن ساناق سان، دەرىجە سان (تەرتىپ سان)، مۆلچەر سان، ئۆملۈك سان ۋە كەسىر سان دەپ بەش تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

شەيئىلەر سانىنى ئېنىق ئىپادىلەيدىغان سانلار ساناق سان دېيىلىدۇ. ساناق سانلار قۇرۇلما جەھەتتە نۆل شەكىلدە (تۈپ شەكىلدە) بولىدۇ. مەسىلەن: بىر، بەش، ئون، يە-

گىرمە، يۈز، ئون مىڭ، بەش مىڭ، يەتتە يۈز، بىر مىليارت ... دېگەنگە ئوخشاش.

شەيئىلەرنىڭ سان جەھەتتىكى رەتىنى بىلدۈرىدىغان سانلار دەرىجە سان دېيىلىدۇ. بۇخىل سانلار ساناق سانلارغا «ىنچى، نچى» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن: يەتتىنچى، ئونىنچى، بىرمىڭ توققۇز يۈز سەكسەن بەشىنچى ... دېگەنلەرگە ئوخشاش.

شەيئىلەر سانىنى تەخمىن - مۆلچەر بىلەن ئىپادىلەيدىغان سانلار مۆلچەر سان دېيىلىدۇ. بۇخىل سانلار ساناق سانلارنىڭ ئاخىرىغا «لاپ - لەپ، چە، دەك، لىغان - لىگەن» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ھەمدە ساناق سانلارنى جۈپ سۆز شەكلىدە ئېيتىش بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن: ئونلاپ، يۈزلەپ، مىڭچە، مىڭدەك، ئون مىڭلىغان، يۈز مىڭلىغان، يۈزلىگەن، بەش - ئالتە، يىگىرمە - ئوتتۇز ... دېگەندەك.

كىشىلەر توپىنى بىلدۈرىدىغان سانلار ئۆملۈك سان دېيىلىدۇ. بۇخىل سانلار ساناق سانلارنىڭ ئاخىرىغا «يلەن، ئەيلەن» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن: ئىككىيلەن، بەشەيلەن، ئونەيلەن، تۆتەيلەن، يەتتەيلەن ... دېگەندەك.

پۈتۈن نەرسىنىڭ پارچىسىنى ئىپادىلەيدىغان سانلار كەسىر سان دېيىلىدۇ. بۇخىل ساننىڭ مەخرىجى چىقىش كېلىشتە، سۈرىتى تۈپ سان شەكلىدە بولىدۇ. مەسىلەن: بەشتىن بىر، ئىككىدىن بىر، يۈزدىن بەش، ئوندىن بەش، تۆتتىن ئىككى ... دېگەنلەرگە ئوخشاش.

4) ئالماش

ئىسىم، سۈپەت، سان، رەۋىش قاتارلىق سۆز تۈركۈملىرىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىدىغان سۆز تۈركۈمى ئالماش دەپ ئاتىلىدۇ.

ئالماشلارنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى ئابستراكىت بولۇپ، ئايرىم تۇرغاندا قانداق مەنا ئىپادىلەۋاتقانلىقىنى بىلىش تەس. ئالماشلارنىڭ قانداق مەنا ئىپادىلەۋاتقانلىقى ۋە قانداق سۆزنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىۋاتقانلىقى كونكرېت جۈملىدە ئايدىڭلىشىدۇ. مەسىلەن:

ئوتنى كىم تۇتسا، شۇنىڭ قولى كۆيىدۇ (ماقال).
ئۆزەڭنى ئەر چاغلىساڭ، ئۆزگىنى شىر چاغلا (ماقال).
بارچە مىللەت چالدى ساز، يۈيتەنمۇ بار بۇ نەغمىدە.
بۇ يەرنى ئاغدۇرۇشقا قانچە ئەمگەك كۈنى كېتەر؟
سىلەر قانداق قىلغان بولساڭلار، بىزمۇ شۇنداق قىلايلى.

ئالماشلار مورفولوگىيىلىك قۇرۇلما جەھەتتە ئۆزىگە خاس گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىسى يوق ھەم ئۆزىگە خاس ئالماش ياسايدىغان قوشۇمچىسى يوق (باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە خاس سۆزلەردىن ئالماش ياسايدىغان قوشۇمچىسى يوق). لېكىن ئالماشلار قايسى سۆز تۈركۈمىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلسە، شۇ سۆز تۈركۈمىنىڭ گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىسى بىلەن قىسمەن تۈرلىنىدۇ (مەسىلەن: ئۆزەم، ئۆزەڭ، ئۆزى، شۇنىڭ، شۇنىڭغا، ماڭا، مېنى، ئۇنىڭدا، ھەممىنىڭ، ھەممىدىن)؛ بەزى سۆز تۈركۈملىرىنىڭ ياسىغۇچى قوشۇمچىلىرى ئالماشلاردىن باشقا سۆز تۈركۈمىگە خاس سۆزلەرنى ياسايدۇ (مەسىلەن: سەنلەش، سىزلەش، مەن - مەنلىك، ئۆزلۈك، ئانچە - مۇنچە، ئانداقچى - مۇنداقچى ... دېگەنلەرگە ئوخشاش).

ئالماشلار سىنتاكسىسلىق رولى جەھەتتىمۇ ئالاھىدە خۇسۇسىيەتكە ئىگە. چۈنكى ئال-
ماشلار جۈملىدە ھەر خىل سۆز تۈركۈمىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ھەرخىل
ۋەزىپىلەردە كېلەلەيدۇ.

ئالماشلار مەنا، قۇرۇلما ۋە جۈملىدىكى رولىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ تۆۋەندىكىدەك
سەككىز تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

(1) كىشىلىك ئالماش. بۇخىل ئالماشلار كىشىلەرنىڭ ئىسمىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ
كېلىدۇ. لېكسىكىلىق مەنا جەھەتتىن سۆزلىگۈچى، تىڭشىغۇچى ۋە ئۆزگىدىن ئىبارەت 3
شەخسنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

بىرىنچى شەخس (سۆزلىگۈچى) ئالماشلىرى: «مەن، بىز» دىن ئىبارەت.

ئىككىنچى شەخس (تىڭشىغۇچى) ئالماشلىرى: «سەن، سىز، سىلى» دىن ئىبارەت.

ئۈچىنچى شەخس (ئۆزگە ئالماشلىرى): ئۇ... دىن ئىبارەت.

(2) كۆرسىتىش ئالماش. بۇخىل ئالماشلار شەخس، شەيئى ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى
ھەم سانىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: بۇ، شۇ، مۇشۇ، ئاشۇ، مۇنۇ، ئاۋۇ،
ئەنە، مانا قاتارلىق ئالماشلار شەخس ۋە شەيئىلەرنى كۆرسەتسە؛ ئۇنداق، مۇنداق، شۇن-
داق، ئانداق، ئاشۇنداق، مۇشۇنداق قاتارلىق ئالماشلار شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى كۆر-
سىتىدۇ. ئەمدى: ئانچە، مۇنچە، شۇنچە، شۇنچىلىك، مۇنچىلىك، مۇشۇنچىلىك ... قاتارلىق
ئالماشلار شەيئىلەرنىڭ سانىنى كۆرسىتىدۇ.

(3) سوراق ئالماش. سوراق ئالماشلىرى سوراق مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:
كىم ... دېگەن ئادەمگە قارىتىلغان سوراقنى بىلدۈرسە، نېمە، قېنى، قايسى دېگەن نەرسىگە
قارىتىلغان سوراقنى بىلدۈرىدۇ؛ قانداق دېگەن خۇسۇسىيەت ھەققىدىكى سوراقنى بىلدۈرسە،
قەيەر (نە) دېگەن ئورۇن - جاي ھەققىدىكى سوراقنى بىلدۈرىدۇ؛ قاچان دېگەن ۋاقىت
ھەققىدىكى سوراقنى بىلدۈرسە، قانچە، نەچچە، قانچىلىك، نەچچىلىك دېگەن ئالماشلار سان
ھەققىدىكى سوراقنى بىلدۈرىدۇ.

(4) ئۆزلۈك ئالماش. بۇخىل ئالماش شەخس ۋە شەيئىنى ئېنىق ۋە ئالاھىدە تەكىت-
لەپ كۆرسىتىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان ئالماش بولۇپ، پەقەت «ئۆز» دېگەن بىرلا
سۆزدىن ئىبارەت. بۇخىل ئالماش ئىسىملارنىڭ شەخس ۋە كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن
تولۇق تۈرلىنىدۇ (ئۆزەم، ئۆزەڭ، ئۆزى، ئۆزەمنىڭ، ئۆزەمگە، ئۆزەمنى، ئۆزەمدە، ئۆزەم-
دىن ... دېگەندەك).

(5) ئومۇملۇق ئالماش. بۇخىل ئالماش نەرسىلەرنى جەملەپ كۆرسىتىدۇ. بۇخىل ئال-
ماشلار: ھەممە، جەمى (جىمى)، بارلىق، بارچە قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئىسىملار-
نىڭ شەخس ۋە كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىدۇ.

(6) بەلگىلەش ئالماش. شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيەت، سان جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى-
نى تەكىتلەپ ئومۇملاشتۇرۇپ كۆرسىتىدىغان ئالماش بولۇپ، ئۇلار: ھەر قاچان، ھەرقان-
داق، ھەركىم، ھەرنېمە، ھەربىر، ھەرقايسى، ھەرقانچە ... دېگەنلەردىن ئىبارەت.

(7) بەلگىسىز ئالماش. ئادەم، شەيئى ۋە ئۇلارنىڭ
خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ ئېنىقسىزلىقىنى كۆرسىتىدىغان
ئالماشتۇر. بۇ خىل ئالماش سوراق ئالماشلىرىنىڭ ئالدىغا «ئاللا» سۆزى قوشۇلۇش

بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن: ئاللىكىم، ئاللىنىمە، ئاللىقاچان، ئاللىقانداق، ئاللىقايسى، ئاللىقانچە دېگەنلەرگە ئوخشاش. ئەمدى قايسىبىر، گويابىر، بىرمۇنچە، بىر قانچە، قانداقتۇر، قاچاندۇ، پالانى، پۇستانى ... دېگەنگە ئوخشاش بەلگىسىز ئالماشلار يەنە باشقىچە ياسالغان.

(8) بولۇشسىز ئالماش. شەيئى ۋە ھادىسە ھەققىدە ئىنكار مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئالماش بولۇشسىز ئالماش دېيىلىدۇ. مەسىلەن: ھېچقاچان، ھېچقانداق، ھېچنەرسە، ھېچبىر، ھېچكىم، ھېچقانچە ... .

5) پېئىل

پېئىللار ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەڭ مۇھىم سۆز تۈركۈمىدۇر. بۇ خىل سۆز تۈركۈمى تۆۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە:

(1) پېئىللار مەنا جەھەتتىن شەيئىلەرنىڭ ھەرخىل ئىش ھەرىكىتىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: ماڭ، تۇر، ئوقۇ، كەت، كەل، ئولتۇر، يات، قايت، ئىشلە، باشلا، تاشلا، تونە، جىرىڭلا، ئاقلا ... دېگەندەك.

(2) پېئىللار جۈملىدە تەشكىللىگۈچى ۋە مەركەزلەشتۈرگۈچى بولۇپ رول ئوينايدۇ. جۈملىدىكى ھەرقانداق سۆز بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا پېئىللارغا باغلىنىدۇ ۋە مەركەزلىشىدۇ. مەسىلەن:

مەملىكىتىمىز جۇڭگو ئاسىيا قىتئەسىنىڭ شەرقىغە جايلاشقان دېگەن جۈملىدىكى سۆزلەر ۋاستىلىك ياكى بىۋاستە تۆۋەندىكى كۆرسەتكۈچ بويىچە باغلانغان ۋە «جايلاشقان» دېگەن پېئىلغا مەركەزلەشكەن:




(3) پېئىللار مورفولوگىيىلىك قۇرۇلمىسى ئەڭ مۇرەككەپ سۆز تۈركۈمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى تىلىمىزدىكى 70 نەچچە يۈرۈش سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىنىڭ 34 يۈرۈشى پېئىللارنىڭ ياسالما قۇرۇلمىسىغا مۇناسىۋەتلىك، شۇنىڭدەك پېئىللار ئۆزىگە خاس بەش خىل گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە بىلەن تۈرلىنىدۇ.

دېمەك، پېئىللار يۇقۇرقىدەك مەنا، قۇرۇلما ۋە رولى جەھەتتىكى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بىلەن باشقا سۆز تۈركۈمىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

پېئىللار لېكسىكىلىق مەنا ئىپادىلەيدىغان قۇرۇلما جەھەتتىن تۈپ پېئىل ۋە ياسالما پېئىل دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

بىرلا مەنىلىك بۆلەكتىن تۈزۈلگەن پېئىللار تۈپ پېئىل دېيىلىدۇ. مەسىلەن: ئوقۇ، ماڭ، تۇر، كەل، ئولتۇر، ...

ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق مەنىلىك بۆلەكتىن تۈزۈلگەن پېئىللار ياسالما پېئىل دېيىلىدۇ. بۇ خىل پېئىللار باشقا سۆز تۈركۈمىگە پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن (ئىشلە، باشلا، تونە، سىرقىرا، كاركىرا، سۆزلە، سانا، قايغۇر، قاراي) ياكى سۆزگە سۆز قوشۇش يولى بىلەن (زەڭ

سال، قۇلاق سال، كۆكۈل قىي، نەزەر سال، كۆز سال، ...) ياسىلىدۇ.

پېئىللار مورفولوگىيىلىك تۈرلىنىشكە ئەڭ باي سۆز تۈركۈمى بولۇپ، تۈس كاتېگورىيىسى بىلەن تۈرلىنىشى سۆزگە سۆز قوشۇش يولى بىلەن (ئىشلىۋەت، يېزىۋەتتۇر، ئوقۇۋپباق، ئويلىۋال، تۇرىۋەر، كۆرۈۋقال، ئويناۋىبول) ئىپادىلەنسە، قالغان گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىلەر بىلەن تۈرلىنىشى سۆزگە قوشۇمچە قوشۇش يولى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

پېئىللارنىڭ ھەرخىل گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىلەر بىلەن تۈرلىنىشىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىپادىلەيدىغان مەنىسىنى تۆۋەندىكى جەدۋەللەردىن كۆرۈڭلار:

**پېئىللارنىڭ بولۇشلۇق - بولۇشسىز كاتېگورىيىسى بىلەن تۈرلىنىشى**

| كاتېگورىيە شەكىللىرى | قوشۇمچىسى | ئىپادىلەيدىغان مەنىسى | تۈرلىنىشى |
|---|---|---|---|
| بولۇشلۇق شەكلى | يوق | ھەركەتنىڭ بولغان، بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ | ئال، بار، باشلا، ئوقۇۋال، قۇلاق سال |
| بولۇشسىز شەكلى | ما ـ مە | ھەركەتنىڭ بولمىغان، بولمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ | ئالما، بارما، باشلىما، ئىشلىمە، ئوقۇۋالما، قۇلاق سالما |

**پېئىللارنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى بىلەن تۈرلىنىشى**

| دەرىجە شەكىللىرى | قوشۇمچىلىرى | ئىپادىلەيدىغان مەنىسى | تۈرلىنىشى |
|---|---|---|---|
| ئېنىق دەرىجە | يوق | ئىش - ھەركەتنى جۈملە ئىگىسى ئورۇنلىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ | ئۇ ئىشلىدى، مەن كەلدىم، سىز كەتتىڭىز، تاماق يېدى، كەلدى، كەتتى |
| مەجھۇل دەرىجە | ل - ىل - ۇل - ۈل، ن - ىن - ۇن - ۈن | ئىش - ھەركەتنى جۈملىنىڭ ئىگىسى ئەمەس، نامەلۇم كىشى ئورۇنلىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ | خەت يېزىلدى، ئوت تاشلاندى، كىتاپ ئوقۇلدى، نەتىجە كۆرۈلدى، ياسالدى، تونۇلدى، قىلىندى، بۆلۈندى |
| ئۆزلۈك دەرىجە | ن - ىن - ۇن - ۈن | ئىش - ھەركەتنى جۈملىنىڭ ئىگىسى ئۆزى ئورۇنلىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ | بېلىق قارماققا ئىلىندى، ئۇ جابدۇندى، يۇيۇندى، كۆرۈندى |
| ئۆملۈك دەرىجە | ش - ىش، ۇش - ۈش | ئىش - ھەركەتنىڭ بىر قانچە كىشى تەرىپىدىن ئورۇنلانغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ | ئۇلار سۆزلەشتى، بىز كۆرۈشتۇق، سوقۇشتى، يېزىشتى |
| مەجبۇرى دەرىجە | دۇر - تۇر، دۈر - تۈر، ار - ئەر، ۇر - ۈر، ت، غۇز، قۇز - گۈز، كۈز | ھەركەتنى جۈملىنىڭ ئىگىسى باشقا بىرسىگە مەجبۇرى ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ | تاڭدۇر، ياقتۇر، كىيدۈر، كەلتۈر، چىقار، چۈشەر، ئۇچۇر، كۆچۈر، ئىشلەت، ھارغۇز، تۇشقۇز، تەرگۈز، پۈتكۈز |

## پېئىللارنىڭ راي ۋە شەخس ـ سان ـ زامان كاتېگورىيەسى بىلەن تۈرلىنىشى

| رايى شەكلى | سان | قايسى شەخس | قوشۇمچىلىرى | ئىپادىلەيدىغان مەنىسى | تۈرلىنىشى |
|---|---|---|---|---|---|
| پېئىللارنىڭ بۇيرۇق رايى | بىرلىك | I شەخس | ي ـ اي ـ ەي | خالاش چاقىرىغىنى ئىپادىلەيدۇ | ئىشلەي، باراي، كۆرەي، تۇراي |
| | | II شەخس | غىن ـ قىن ـ گىن ـ كىن ـ ڭ ـ لڭ ـ ۇڭ ـ ۈڭ، سىلا، ـ سىلە | نەق بۇيرۇقنى ئىپادىلەيدۇ | بارغىن، تۇتقىن، كەلگىن، كەتكىن، بېرىڭ، تۇرۇڭ، بارسىلا |
| | | III شەخس | سۇن | نەق بۇيرۇقنى ئىپادىلەيدۇ | كەلسۇن، كەتسۇن |
| | كۆپلۈك | I شەخس | يلى، ايلى، ەيلى | چاقىرىقنى ئىپادىلەيدۇ | بارايلى، كۆرەيلى، تۇرايلى، ئوقۇيلى |
| | | II شەخس | ڭلار ـ ڭلار ۇڭلار ـ ۈڭلار | نەق بۇيرۇقنى ئىپادىلەيدۇ | بېرىڭلار، كۆرۈڭلار، تۇرۇڭلار |
| | | III شەخس | سۇن | نەق بۇيرۇقنى ئىپادىلەيدۇ | بارسۇن، يازسۇن، كەتسۇن |
| پېئىللارنىڭ شەرت رايى | بىرلىك | I شەخس | سام ـ سەم | خالاشنى ئىپادىلەيدۇ | بارسام، كەلسەم، ماڭسام، تۇرسام، كۆرسەم |
| | | II شەخس | ساڭ ـ سەڭ سىلا ـ سىلە سىڭىز | مەسلىھەتنى ۋە تەلەپنى ئىپادىلەيدۇ | بارساڭ، كۆرسەڭ، تۇرساڭ، بارسىڭىز، تۇرسىلا، كەلسىلە |
| | | III شەخس | سا ـ سە | خالاشنى، شەرتنى ئىپادىلەيدۇ | بارسا، تۇرسا، كەلسە، كەتسە |
| | كۆپلۈك | I شەخس | ساق ـ سەك | خالاشنى ئىپادىلەيدۇ | بارساق، ئوقۇساق، كۆرسەك، تۇرساق، كەلسەك |
| | | II شەخس | ساڭلار ـ سەڭلار | مەسلىھەت ۋە تەلەپنى ئىپادىلەيدۇ | ماڭساڭلار، تۇرساڭلار، كۆرسەڭلار، بارساڭلار |
| | | III شەخس | سا ـ سە | شەرتنى ئىپادىلەيدۇ | ئوقۇسا، ماڭسا، كەلسە |
| خەۋەر رايى، ئۆتكەن زامان | بىرلىك | I شەخس | دىم ـ تىم ـ دۇم تۇم ـ دۈم ـ تۈم | بىرىنچى شەخسكە تەۋەلىكنى ئىپادىلەيدۇ | باردىم، كەتتىم، كۆردۈم، تۇردۇم، تۇتتۇم |
| | | II شەخس | دۇڭ ـ تۇڭ ـ دىڭ دىڭىز ـ تىڭىز ـ دىلا | ئىككىنچى شەخسكە تەۋەلىكنى ئىپادىلەيدۇ | باردىڭ، تۇردۇڭ، كۆردۈڭ، تۇتتۇڭ، باردىڭىز، كۆردىڭىز، سۆكتىڭىز، باردىلا |
| | | III شەخس | دى ـ تى | ئۈچىنچى شەخسكە تەۋەلىكنى ئىپادىلەيدۇ | باردى، كەتتى، ئۆتتى، ئوقۇدى |
| | كۆپلۈك | I شەخس | دۇق ـ تۇق | بىرىنچى شەخسكە تەۋەلىكنى ئىپادىلەيدۇ | باردۇق، ياندۇق، كۆردۇق، تۇتتۇق، كەتتۇق |

خىل سىنتاكسىلىق ۋاستە ھېساپلىنىدۇ. باغلىغۇچىلار لېكسىكىلىق مەنا ئىپادىلىمەيدۇ، جۈملىدە ھەرخىل گىراماتىكىلىق مەنا ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا ئۇ تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارغا ئوخشاپ قالىدۇ. لېكىن تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار سۆزلەرنى، سۆز بىرىكمىلىرىنى ۋە ئاددى جۈملىلەرنى بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە ئۆزئارا باغلاپ كەلسە، باغلىغۇچىلار تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتە باغلاپ كېلىدۇ. باغلىغۇچىلار جۈملىدىكى رولى ۋە ئىپادىلىگەن گىراماتىكىلىق مەنىسىگە قاراپ تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ:

(1) بىرلەشتۈرگۈچى باغلىغۇچىلار. بۇخىل باغلىغۇچىلار بىرىكمە تەڭداشلىق مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇلار: ۋە، ھەم، ھەمدە، بىلەن، يەنە قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

(2) قارىمۇ-قارشى باغلىغۇچىلار. بۇخىل باغلىغۇچىلار قارىمۇ-قارشى تەڭداش مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇلار: ئەمما، لېكىن، بىراق، ۋاھالەنكى، ئەپسۇسكى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

(3) كۆچەيتمە باغلىغۇچىلار. بۇخىل باغلىغۇچىلار كۈچەيتىمىلىك تەڭداش مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدۇ، ئۇلار: بەلكى، ھەتتا، ھەتتاكى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

(4) سەۋەپ باغلىغۇچىلىرى. بۇخىل باغلىغۇچىلار سەۋەپ، نەتىجىلىك تەڭداش مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇلار: شۇڭا، چۈنكى، شۇڭلاشقا، شۇنىڭ ئۈچۈن قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

(5) شەرت باغلىغۇچىلار، شەرت باغلىغۇچىلار شەرتلىك تەڭداش مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇلار: ئەگەر، گەرچە، مۇبادا قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

(6) تاللىما باغلىغۇچىلار. بۇخىل باغلىغۇچىلار تاللىما تەڭداش مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇلار: يا، ياكى، ۋە ياكى، ياكى بولمىسا، خا، خايى، نە، ...قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئومۇمەن باغلىغۇچىلارنىڭ رولى ۋە مەنىسى جۈملىدە ئىپادىلەنگەچكە، ئۇلارنى جۈملە ھەققىدىكى قائىدە-قانۇنىيەتلەرگە بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

**10) ئىركەلىمىلەر (سۆز ئارقا ياردەمچىلىرى)**

ئىركەلىمىلەر جۈملىدە ئىسىم، سۈپەت، سان، ئالماش، رەۋىشلەرگە ياندىشىپ كېلىپ، بۇ سۆزلەرنىڭ جۈملىدىكى پېئىللار بىلەن بولغان سىنتاكسىلىق مۇناسىۋىتى ھەم ۋەزىپىسىنى كۆرسىتىدىغان ياردەمچى سۆزدۇر. بۇ خىل ياردەمچى سۆزلەر جۈملىدىكى كېلىش قوشۇمچىلىرىنىڭ رولىنى ئويناپ، ئۆزى ياندىشىپ كەلگەن سۆزنىڭ يەنە بىر سۆز بىلەن باشقۇرۇش يولىدا بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە كەلگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۆزى ياندىشقان سۆزنىڭ جۈملىدە تولدۇرغۇچىلىق ۋەزىپىدە كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئىركەلىمىلەر ئۇلىنىدىغان سۆزنىڭ گىراماتىكىلىق شەكلى بىر بىرىگە ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن: «ئۈچۈن» ئىركەلىمىسى باش كېلىشتە كەلگەن سۆزلەرگە ياندىشىپ كېلىپ، ئىش-ھەركەتنىڭ مەقسىدىنى ئىپادىلىسە (خەلق ئۈچۈن، ئوقۇش ئۈچۈن، سەن ئۈچۈن، ھەقىقەت ئۈچۈن)، «ئارقىلىق» ئىركەلىمىسى باش كېلىشتە كەلگەن سۆزلەرگە ياندىشىپ كېلىپ، ئىش-ھەركەتنىڭ ۋاستىسىنى ئىپادىلەيدۇ (تېلېفون ئارقىلىق، كۆۋرۈك ئارقىلىق، سەن ئارقىلىق).

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| خەۋەر رايى | كۆپلۈك | II شەخس | دىڭلار ـ تىڭلار<br>تۇڭلار ـ دۇڭلار | ئىككىنچى شەخسكە تە-ۋەلىكنى ئىپادىلەيدۇ | باردىڭلار، كەتتىڭلار، تۇتتۇڭلار، كۆردۇڭلار |
| | | III شەخس | دى ـ تى | ئۈچىنچى شەخسكە تە-ۋەلىكنى ئىپادىلەيدۇ | باردى، كەتتى، ئۆتتى، ئوقۇدى |
| ھازىرقى زامان خەۋەر رايى | بىرلىك | I شەخس | ۋاتىمەن ـ ۋاتىمەن<br>ىۋاتىمەن | بىرىنچى شەخسكە تە-ۋەلىكنى ئىپادىلەيدۇ | ئىشلەۋاتىمەن، تۇرىۋاتى-مەن، كۆرۈۋاتىمەن، ئوقۇ-ۋاتىمەن |
| | | II شەخس | ۋاتىسەن ـ ۋاتىسەن<br>ىۋاتىسەن | ئىككىنچى شەخسكە تە-ۋەلىكنى ئىپادىلەيدۇ | ئوقۇۋاتىسەن، تۇرىۋاتى-سەن، يېزىۋاتىسىز، مې-ڭىۋاتىسىز |
| | | III شەخس | ۋاتىدۇ ـ ۋاتىدۇ | ئۈچىنچى شەخسكە تە-ۋەلىكنى ئىپادىلەيدۇ | ئوقۇۋاتىدۇ، يېزىۋاتىدۇ |
| | | I شەخس | ۋاتىمىز | بىرىنچى شەخسكە تەۋە-لىكنى ئىپادىلەيدۇ | ئوقۇۋاتىمىز، يېزىۋاتىمىز، تۇرۇۋاتىمىز |
| كېلىدىغان زامان خەۋەر رايى | كۆپلۈك | II شەخس | ۋاتىسىلەر | ئىككىنچى شەخسكە تە-ۋەلىكنى ئىپادىلەيدۇ | ئوقۇۋاتىسىلەر، يېزىۋاتى-سىلەر، تۇرۇۋاتىسىلەر |
| | | III شەخس | ۋاتىدۇ | ئۈچىنچى شەخسكە تە-ۋەلىكنى ئىپادىلەيدۇ | ئوقۇۋاتىدۇ، تۇرۇۋاتىدۇ |
| | بىرلىك | I شەخس | يمەن ـ ىمەن | بىرىنچى شەخسكە تە-ۋەلىكنى ئىپادىلەيدۇ | بارىمەن، ئىشلەيمەن، ئو-قۇيمەن |
| | | II شەخس | يسەن ـ ىسەن | ئىككىنچى شەخسكە تە-ۋەلىكنى ئىپادىلەيدۇ | بارىسەن، ئوقۇيسەن، تۇرىسەن |
| | | III شەخس | دۇ ـ يدۇ | ئۈچىنچى شەخسكە تە-ۋەلىكنى ئىپادىلەيدۇ | ئوقۇيدۇ، يازىدۇ |
| | | I شەخس | يمىز ـ ىمىز | بىرىنچى شەخسكە تەۋە-لىكنى ئىپادىلەيدۇ | بارىمىز، ئوقۇيمىز، كۆ-رىمىز |
| | كۆپلۈك | II شەخس | يسىلەر ـ ىسىلەر | ئىككىنچى شەخسكە تە-ۋەلىكنى ئىپادىلەيدۇ | بارىسىلەر، ئىشلەيسىلەر، تۇرىسىلەر |
| | | III شەخس | دۇ ـ يدۇ | ئۈچىنچى شەخسكە تە-ۋەلىكنى ئىپادىلەيدۇ | بارىدۇ، ئوقۇيدۇ، يازىدۇ |

پېئىللار يۇقۇرىدا كۆرسىتىلگەندەك ياسالما ۋە تۈرلەنمە قۇرۇلما ھاسىل قىلىپلا قالماستىن، يەنە ئۆزىگە خاس ئۆزگەرتكۈچى قوشۇمچىلار ئارقىلىق ئۆزگەرمە قۇرۇلمىمۇ ھاسىل قىلىدۇ. بۇخىل قۇرۇلمىدىكى پېئىللار باشقا سۆز تۈركۈمىنىڭ خاراكتېرىنى ئالغان بولىدۇ. پېئىللارنىڭ ئۆزگەرمە قۇرۇلمىسى ئۈچ خىل بولۇپ 23- بەتتىكى جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى.

6) رەۋىش

شەيئىلەر ھەركىتىنىڭ ھەرخىل خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىپادىلەيدىغان سۆز تۈركۈمى رەۋىش دېيىلىدۇ. رەۋىشلەر تۈۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن باشقا سۆز تۈركۈملىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

| | ئۆزگەرمە تۈرلۈملار | قوشۇمچىلىرى | ئىپادىلەيدىغان مەنىسى | هاسىل بولغان قۇرۇلما |
|---|---|---|---|---|
| سۈپەتداش | ئۆتكەن زامان | غان - قان - گەن -كەن | شەيئىلەرنىڭ هەركەتلىك خۇسۇسىيىتىنى ئىپادىلەيدۇ | ئوقۇغان، تاپقان، كۆرگەن، كەتكەن، ئۆتكەن |
| سۈپەتداش | هازىرقى زامان | ۋاتقان - ۋاتقان ۋۇاتقان - ۋۇاتقان | شەيئىلەرنىڭ هەركەتلىك خۇسۇسىيىتىنى ئىپادىلەيدۇ | ئوقۇۋاتقان، يېزىۋاتقان، كۆرۈۋاتقان، تۇرۇۋاتقان |
| سۈپەتداش | كېلىدىغان زامان | يدىغان - ىدىغان مە - ئار - ەر ماس - مەس | شەيئىلەرنىڭ هەركەتلىك خۇسۇسىيىتىنى ئىپادىلەيدۇ | ئوقۇيدىغان، يازىدىغان، كۆرمەس، كۆرىدىغان، ئۆتەر، ماڭماس، تۇتماس |
| رەۋىشداش | هالەت رەۋىشدىشى | پ - ىپ - ۇپ - ۈپ ا - ئە - ماي - مەي | هەركەت هالىتىنى ئىپادىلەيدۇ | ئوقۇپ، يېزىپ، تۇرۇپ، كۆرۈپ، بارا - بارا، كۆرە-كۆرە، كەلمەي، ماڭماي |
| رەۋىشداش | هەركەت رەۋىشدىشى | غاچ - قاچ - گەچ -كەچ | هەركەت سەۋىۋىنى ئىپادىلەيدۇ | ئوقۇغاچ، كۆرگەچ، تۇتقاچ، كەتكەچ |
| رەۋىشداش | ۋاقىت رەۋىشدىشى | غۇچە - قۇچە گۈچە - كۈچە | هەركەت ۋاقتىنى ئىپادىلەيدۇ | بارغۇچە، تاپقۇچە، كەلگۈچە، كەتكۈچە، ئاڭغۇچە |
| رەۋىشداش | مەقسەت رەۋىشدىشى | غىلى - قىلى - گىلى - كىلى | هەركەت مەقسىدىنى ئىپادىلەيدۇ | بارغىلى، ئوقۇغىلى، تۇتقىلى، كۆرگىلى، كەتكىلى، ئۆتكىلى |
| | هەركەتنام | ماق - مەك ش - ىش - ۇش - ۈش غۇ - قۇ - گۈ - كۈ | هەركەتنىڭ نامىنى ئىپادىلەيدۇ | بارماق، كۆرمەك، ئوقۇش، يېزىش، تۇتۇش، كۆرۈش، بارغۇم، كەتكۈم، كەلگۈسى، كەتكۈسى، تاپقۇسى |

بىرىنچى، رەۋىشلەر ئىش - هەركەتنىڭ هالىتى، ۋاقتى، ئورنى، مەقسىدى، سەۋىۋى قاتارلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: مەملىكىتىمىزنىڭ سانائىتى ناهايىتى تېز تەرەققى قىلماقتا. بىر تامچا سۇ دېڭىزغا قوشۇلسا، ئۇ ئاندىن مەڭگۈ قۇرۇمايدۇ.

ئىككىنچى، رەۋىشلەرنىڭ ئۆزىگە خاس گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىسى يوق. لېكىن بىر قىسىم رەۋىشلەر ئىسىم ئورنىدا قوللىنىلغاندا، ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسى تۈرلىنىدۇ (ئۇلار يۇقۇرىدىن تۆۋەنگە چۈشتى)، بىر قىسىم رەۋىشلەر بولسا سۈپەتلەرنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى بىلەن تۈرلىنىدۇ (ئاسانراق، تېزرەك، يۇقۇرىراق، كېيىنرەك). رەۋىشلەر ئۆزىگە خاس قوشۇمچىلار بىلەن ياسالما قۇرۇلما هاسىل قىلىدۇ (ئاقىلانە، غەلىبىسىرى، ئاسانسەن، باتۇرلارچە، شەهەرگىچە).

ئۈچىنچى، رەۋىشلەر جۈملىدە پېئىل ۋە سۈپەتلەرگە باغلىنىپ كېلىپ، ئۇلارنى ئې-

نىقلاش ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرىدۇ، ئۆزى باشقا سۆزلەر بىلەن ئىپىقلانمايدۇ.

رەۋىشلەر لېكسىكىلىق قۇرۇلما جەھەتتە تۈپ رەۋىش ۋە ياسالما رەۋىش دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ، بىرلا مەنىلىك بۆلەكتىن تۈزۈلگەن رەۋىشلەر تۈپ رەۋىش دېيىلىسە (چاپسان، ئۆگۈن، ھازىر، ئەتە، يۇقۇرى، تۆۋەن ... دىگەندەك)، رەۋىش ياسىغۇچى قوشۇمچە ياكى سۆزگە سۆزنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان رەۋىشلەر ياسالما رەۋىش دېيىلىدۇ (قەستەن، مېنىڭچە، دوستانە، كۈنسېرى، بۈگۈن، يۇقۇرى - تۆۋەن، ئاستىن - ئۈستۈن، ئۇزۇل - كېسىل ... دىگەنلەرگە ئوخشاش).

رەۋىشلەر ئىپادىلىگەن مەنىسىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىغا قاراپ تۆۋەندىكىدەك بەش تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

(1) ھالەت رەۋىشلىرى. بۇخىل رەۋىشلەر ئىش - ھەركەتنىڭ ھەرخىل ھالىتىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى ھالەت رەۋىشلىرى: تۇساتتىن، ئاران، چاپسان، تېز، ئىتتىك، ئاستا، دەررۇ، تۇغرىدىن - تۇغرا، قىلىمۇ - قىل، بىۋاستە، بىر يولى، زورغا، جىددى، دەرھال، ئالمان - تالمان، ئۇزۇل - كېسىل، دادىل، ئالدىن - ئالا، ئوچۇقتىن - ئوچۇق، بىكاردىن - بىكار، قەھرىمانلارچە، باتۇرلارچە ... دىگەنلەردىن ئىبارەت.

(2) ئورۇن رەۋىشلىرى. بۇ خىل رەۋىشلەر ئىش - ھەركەتنىڭ ئورنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى ئورۇن رەۋىشلىرى: نېرى، بېرى، ئالدى، ئارقا، ئاست، ئۈست، يان، يىراق، يېقىن، ئىچكىرى، تاشقىرى، يۇقۇرى، تۆۋەن ... قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

(3) ۋاقىت رەۋىشلىرى. بۇ خىل رەۋىشلەر ئىش - ھەركەتنىڭ ۋاقتىنى ئىپادىلەيدۇ. ۋاقىت رەۋىشلىرى: بۈگۈن، ئەتە، ئۆگۈن، تۈنۈگۈن، بۇرناكۈن، ئاداققىچە، بۇ يىل، بۇلتۇر، كېلەر يىل، ئاخىرىغىچە، كېچە، ئاخشام، مەڭگۈ، ھەمىشە، دائىم، دەسلەپ، بەزىدە، بايا، ئەمدى، كۈن بويى، گايىدا، ئاۋال، ئاخىر، بۇرۇن، ئىلگىرى ... قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

(4) مەقسەت رەۋىشلىرى. بۇ خىل رەۋىشلەر ئىش - ھەركەتنىڭ مەقسىدىنى ئىپادىلەيدۇ. مەقسەت رەۋىشلىرى: ئەتەي، قەستەن، زورمۇ - زور، ئىلاجىسىزلىقتىن، تۇساتتىن ... دىگەنلەردىن ئىبارەت.

(5) دەرىجە رەۋىشلىرى. بۇ خىل رەۋىشلەر ئۆز ئالدىغا لېكسىكىلىق مەنا ئىپادىلىمەيدۇ. سۈپەت ۋە رەۋىشداشلارنىڭ ئالدىغا قوشۇلۇپ، خۇسۇسىيەت بىلەن ھەركەت ھالىتىنىڭ ئاشۇرما دەرىجىسىنى ئىپادىلەيدۇ. تىلىمىزدىكى دەرىجە رەۋىشلىرى: ئەڭ، ناھايىتى، ئىنتايىن، تازا، خويمۇ، بەك، ئاجايىپ، ئەجەپ، راسا، تولىمۇ، نەق، دەل، سەل، جەزمەن، ھەرگىز، تېخىمۇ، بەكمۇ، پەقەت، قەتئى، زادى ... قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

### 7) تەقلىدىي سۆز (ئىملىقلار)

شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ ئاۋازى ۋە كۆرۈنۈش ھالىتىگە تەقلىت قىلىنغان سۆزلەر تەقلىدىي سۆز دېيىلىدۇ. تەقلىدىي سۆزلەر ئىپادىلەيدىغان مەنا شەيئىلەرنىڭ ھەر خىل ئاۋاز ۋە كۆرۈنۈش ھالىتى ھەققىدىكى لېكسىكىلىق مەنا بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. شۇڭا تەقلىدىي سۆزلەرمۇ مۇستەقىل سۆزلەرنىڭ بىر خىلى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

تەقلىدىي سۆزلەر مورفولوگىيىلىك قۇرۇلما جەھەتتە ئۆزىگە خاس ياسىغۇچى قوشۇم-

چىلىرى ياكى تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلىرى يوق بىر خىل سۆز تۈركۈمىدۇر. لېكىن بىر قىسىم رەۋىش ۋە پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچىلار تەقلىدىي سۆزلەرگە ئۇلىنىپ كېلىپ، بىر قىسىم رەۋىش ۋە پېئىللار ياسىلىدۇ (مەسىلەن:شارا قىلا، گۈلدۈرلە، تاراقلا، گۈپپۇلدە، تاقىلدا، لەپىلدە، چىرقىرا، سىرقىرا، مەرە، ھاڭرا، پوككىدە، شاققىدا، لىككىدە، پىللىدە)، شۇنىڭدەك بىر قىسىم تەقلىدىي سۆزلەر باشقا سۆز تۈركۈملىرىنىڭ تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنەلەيدۇ (مەسىلەن: ۋاراڭ - چۇرۇڭنى توختىتىڭلار. ۋاراڭ - چۇرۇڭغا يول قويۇلمايدۇ. مۇنداق ۋاراڭ - چۇرۇڭنىڭ نېمە ھاجىتى بار).

تەقلىدىي سۆزلەر جۈملىدە كۆپىنچە ئىسىم ۋە پېئىللارغا باغلىنىپ كېلىپ، ئېنىقلىغۇچى ۋە ھالەتلىك رول ئوينايدۇ. باشقا ۋەزىپىلەردە كەلگەندە، باشقا سۆز تۈركۈمىنىڭ ئورنىدا قوللىنىلغان بولىدۇ. مەسىلەن: تاراق - تۇرۇق ئاۋاز ئاڭلاندى. شىلدىر - شىلدىر قىلغان نېمە؟ ۋىل - ۋىل ئوت كۆرۈندى. ۋال - ۋۇل چاقماق چېقىلدى.

تەقلىدىي سۆزلەرنىڭ قۇرۇلما جەھەتتىكى ئەڭ مۇھىم خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇلار ئادەتتە تاق سۆز ۋە جۈپ سۆز شەكلىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: پاڭ، پاڭ - پۇڭ، تاڭ، تاڭ - تۇڭ، شاق، شاق - شۇق، غار - غۇر، گىر - گىر، ۋال - ۋۇل، لەپ - لەپ، لىڭ - لىڭ ۋە باشقىلار.

تەقلىدىي سۆزلەر يۇقۇرقىدەك خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن باشقا سۆز تۈركۈملىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

تەقلىدىي سۆزلەر ئىپادىلىگەن مەنىسىگە قاراپ ئاۋاز تەقلىتلىرى ۋە ھالەت تەقلىتلىرى دەپ ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈنىدۇ.

شەيئى ۋە ھادىسىنىڭ ئاۋازىغا تەقلىت قىلىنغان تەقلىدىي سۆز ئاۋاز تەقلىتلىرى دېيىلىدۇ. مەسىلەن: غاچ - غۇچ، شىلدىر- شىلدىر، جالدۇر- جۇلدۇر، كاژ- كۇژ، شار- شۇر، غاراس- غۇرۇس، تاسۇر - تۇسۇر، مىياۋ، مۆ، مە، ھاڭ، قىق - قىق، ۋار - ۋۇر، غار - غۇر ۋە باشقىلار.

بىر قىسىم ئاۋاز تەقلىتلىرى شۇ شەيئى ۋە ھادىسىنىڭ ئىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. مەسىلەن: ھۇقۇش، ھۆپۈپ، كاككۇك، گۈلدۈرماما، لىڭگىر تاقتاق، گۈپپاڭچى ۋە باشقىلار.

شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ ھەرخىل كۆرۈنۈش ھالەتلىرىگە تەقلىت قىلىنغان تەقلىدىي سۆزلەر ھالەت تەقلىتلىرى دېيىلىدۇ. مەسىلەن: ۋال - ۋۇل، يالت - يۇلت، لەپ- لەپ، پىل - پىل، پار - پۇر، غىپ - غىپ، چىم - چىم، لىڭ - لىڭ، لۆم - لۆم ۋە باشقىلار.

### 8) ئۇندەش سۆزلەر

ئۇندەش سۆزلەر شەيئى ياكى ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى، سانى، ھەركىتى ۋە ھالىتى ھەققىدە ھېچقانداق ئۇقۇم ئىپادىلىمەيدۇ. شۇڭا ئۇ، بۇ جەھەتتە مۇستەقىل سۆزلەردىن پەرقلىنىدۇ. ئۇندەش سۆزلەر مەنا جەھەتتىن كىشىلەرنىڭ ھىس ھاياجىنىغا، خاھىشىغا، بۇيرۇقىغا باغلانغان ھالدا تەلەپپۇز قىلىنىدىغان تەبىئى ئاۋازلاردىن ئىبارەت بولۇپ، كىشىلەر-

نىڭ ھىس - تۇيغۇسىنى گەۋدىلەندۈرۈش، ھايۋانلارنى چاقىرىش، ھەيدەش، ئۈركۈتۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

ئۈندەش سۆزلەر مورفولوگىيىلىك قۇرۇلما جەھەتتە ئۆزىگە خاس ياسىغۇچى قوشۇمچە ياكى تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار بىلەن قۇرۇلما ھاسىل قىلمايدۇ. پەقەت بىر قىسىم ئۈندەشلەر بىرىككەن سۆز ۋە جۈپ سۆز شەكلىدە قوللىنىلىدۇ (مەسىلەن: ۋاي - ۋۇي، ۋايجان، ئەستەغپۇرۇللا، ئايھاي). شۇنىڭدەك ناھايىتى ئاز بىر قىسىم ئۈندەشلەر جۈملىدە ئىسىم ئورنىدا قوللىنىلىپ، ئىسىملارنىڭ شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

زىمىننى باسسۇن ئاھىم مېنىڭ،
پەلەكتىن ئاشسۇن زارىم مېنىڭ.
ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرارمەن،
ئاھلىرىم تۇتقاي سېنى.
كۆز يېشىم دەريا بولۇپ،
بېلىقلىرىم يۇتقاي سېنى. (خەلق قوشاقلىرىدىن)

ئۈندەش سۆزلەر، ئادەتتە، جۈملە بىلەن گىرامماتىكىلىق باغلىنىشتا بولالمايدۇ، شۇڭا جۈملىدە مەلۇم سىنتاكسىلىق ۋەزىپە ئۆتىيەلمەيدۇ.

دېمەك، ئۈندەش سۆزلەر مەنا، قۇرۇلما ۋە رول جەھەتتە ئۆزىگە خاس يۇقۇرقىدەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغانلىقى بىلەن ئالاھىدە بىر سۆز تۈركۈمىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئۈندەش سۆزلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىپادىلىگەن مەنىلىرىگە قاراپ، ھىس - ھاياجان ئۈندەشلىرى، قاراتما ئۈندەشلەر ۋە بۇيرۇق ئۈندەشلىرى دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

ھىس - ھاياجان ئۈندەشلىرى كىشىلەرنىڭ خۇشاللىق، سۆيۈنۈش، قايغۇ، خاپىلىق، قورقۇش، ئەجەپلىنىش، قارشىلىق، رازىلىق، نارازىلىق، مەنسىتمەسلىك، نەپرەت، يىرگىنىش قاتارلىق ھىس - تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى ھىس - ھاياجان ئۈندەشلىرى: ئىخ، ياھ، پاھ، پاھ - پاھ، ھەببەللى، ئەستەغپۇرۇللا، ئوھوي، ھە، ۋاي - ۋۇيە ۋايجان، ۋىيەي، ئۇف، ئىست... قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

قاراتما ئۈندەشلەر، ئاساسەن، سۆزلىگۈچىنىڭ تىڭشىغۇچىغا بايان قىلماقچى بولغان ئوي - پىكرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەرخىل خاھىشىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ خىل ئۈندەشلەر: ھاي، ھەي، ئەي، بەللى، مە، ھايت... قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

بۇيرۇق - چاقىرىق ئۈندەشلىرى كىشىلەرنىڭ ھايۋان ۋە ئۇچار قاناتلارغا قارىتىلغان ھەرخىل خىتابلىرىنى — چاقىرىش، ھەيدەش، توختىتىش، قوغلاش... قاتارلىقلارنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ خىل ئۈندەشلەر: ماھ - ماھ، چاغ، تۇ - تۇ - تۇ، تاخ، كۇش، پىش - پىش، پەش، كەھ - كەھ، مەھ - مەھ، تىرت، تىر - تىر، چۇھ، خىت... قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

### 9) باغلىغۇچىلار

جۈملىدە سۆزلەرنى، سۆز بىرىكمىلىرىنى ۋە قوشما جۈملىدىكى ئاددىي جۈملىلەرنى ئۆزئارا باغلايدىغان ياردەمچى سۆزلەر باغلىغۇچىلار دېيىلىدۇ. شۇڭا باغلىغۇچىلار بىر

«توغرىلىق ـ توغرىسىدا، ھەقتە ـ ھەققىدە» تىركەلمىلىرى باش كېلىشتىكى سۆزلەرگە ياندىشىپ كېلىپ، ئىش ـ ھەركەتكە ئالاقىدار شەيئىنى ئىپادىلەيدۇ (ئۆگىنىش توغرىسىدا، تىل ھەققىدە، ماركسىزىم توغرىلىق، بۇ ھەقتە)، ئەمدى «قارشى، قارىتا، دائىر، ئائىت» تىركەلمىلىرى يۆنىلىش كېلىشتە كەلگەن سۆزلەرگە ياندىشىپ كېلىپ، ئىش ـ ھەركەتنىڭ ئوبيېكتى ۋە مەلۇم شەيئىگە مۇناسىۋەتلىك شەيئىنى ئىپادىلەيدۇ (زومىگەرلىككە قارشى، ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا، ئىلمىي تەتقىقاتقا دائىر، ئىلىم ـ پەنگە ئائىت).

ئومۇمەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى تىركەلمىلەر: ئۈچۈن، ئارقىلىق، توغرىلىق ـ توغرىسىدا، ھەقتە ـ ھەققىدە، قارشى، دائىر، ئائىت ... قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

بەزىلەر تىركەلمىلەرنى كېلىش دەپ قارايدۇ. بىز بۇ بىر خىل سۆز تۈركۈمى (ياردەمچى سۆزلەرنىڭ بىرخىلى) بولۇپ، جۈملىدە كېلىشلىك رول ئوينايدۇ، دەپ قارايمىز. ئەگەر ئۇلار كېلىش دەپ قارالغاندا، ئۇلارنى ياردەمچى سۆزلەر قاتارىدىن چىقىرىپ تاشلاشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا تىركەلمىلەرنىڭ ئالدى بىلەن، بىر خىل سۆز تۈركۈمى ئىكەنلىكىنى، ئاندىن، ئۇنىڭ كېلىشلىك رولىنى ئېتىراپ قىلىش مۇۋاپىق، ئەلۋەتتە.

**11) يۈكلىمىلەر (ئۇلانمىلار)**

سۆزلەرگە ۋە جۈملىلەرگە ئۇلىنىپ، ئۇلارغا ھەرخىل مەنا يۈكلەيدىغان ياردەمچى سۆزلەر يۈكلىمىلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

يۈكلىمىلەر ئايرىم سۆز ياكى جۈملىگە تۈرلۈك گىراماتىكىلىق مەنىنى (تەستىقلاش، سوراق، يېلىنىش، تەكىتلەش قاتارلىق) قوشۇش ۋە كىشىلەرنىڭ پۈتۈن جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئوي ـ پىكىرگە قارىتا ئىچكى قاراشلىرىنى قوشۇپ ئىپادىلەش رولىنى ئوينايدۇ.

يۈكلىمىلەر تىركەلمە، باغلىغۇچى ۋە قوشۇمچىلاردىن تۆۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەتلىرى ئارقىلىق پەرقلىنىدۇ:

بىرىنچى، يۈكلىمىلەر ئۆزى ئۇلىنىدىغان سۆزنىڭ مەلۇم كېلىشتە كېلىشىنى تەلەپ قىلمايدۇ، مانا بۇ جەھەتتە ئۇلار تىركەلمىلەردىن پەرقلىنىدۇ.

ئىككىنچى، يۈكلىمىلەر قوشۇمچىلارغا ئوخشاش سۆز تاللاپ ئۇلانمايدۇ، قانداق سۆز ۋە قانداق جۈملە بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ھەممىگە ئوخشاش ئۇلىنىۋېرىدۇ.

ئۈچىنچى، يۈكلىمىلەر باغلىغۇچىلاردىن جۈملىدىكى رولى ۋە ئىپادىلىگەن مەنىسى جەھەتتە پەرقلىنىدۇ. چۈنكى باغلىغۇچىلار سۆز بىلەن سۆزنى، جۈملە بىلەن جۈملىنى ئۆزئارا باغلاش ئاساسىدا مەلۇم گىراماتىكىلىق مەنە ئىپادىلىسە، يۈكلىمىلەر باغلاش رولىنى ئوينىمايلا ھەرخىل گىراماتىكىلىق مەنە يۈكلەيدۇ.

يۈكلىمىلەرنىڭ يۇقۇرىدەك خۇسۇسىيىتىنى ھەر بىر يۈكلىمىنىڭ مەنىسى ۋە قوللىنىلىشىدىن ئوچۇق كۆرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

«مۇ» (ما، مە) يۈكلىمىسى ئۆزى ئۇلانغان سۆز ۋە جۈملىگە سوراق مەنىسىنى يۈكلىمە، مەسىلەن: كوممۇنىستلارنىڭ پىرىنسىپ ئۈستىدە سودىلىشىشى مۇمكىنمۇ؟ بۇ كىنونى ئىلگىرى كۆرگەنمىدىڭىز؟)؛ «چۇ» يۈكلىمىسى ئۆزى قوشۇلغان سۆز ۋە جۈملىگە تەكىت، سوراق،

ئۆتتۇنۇش، خالاش، يېلىنىش قاتارلىق مەنىلەرنى يۇكلەيدۇ (مەسىلەن: مەن خىزمەتكە بارىمەن، سىزچۇ؟ بۇنى كۆرۈپ بېقىڭچۇ؟ سىزچۇ پەقەت گەپ ئاڭلىمايسىز). «غۇ، قۇ» يۈكلىمىسى ئۆزى ئۇلانغان سۆز ۋە جۈملىگە تەكىت ۋە توغرا - خاتالىق مەنىسىنى يۈكلىسە (مەسىلەن: بىز بۇنىڭ پايدىسىنى ئاللىقاچان كۆردۇقغۇ، بۇ ئىشنىڭ پايدىسى بارلىقىغۇ بار، يالغۇز ئىشلەش تەس)، «زە» يۈكلىمىسى ئىپتىلىش ئاھاڭىغا قاراپ ئۆزى قوشۇلغان سۆز ۋە جۈملىگە تەكىت ياكى نارازىلىق مەنىلىرىنى يۈكلەيدۇ (مەسىلەن: سەنزە بۇ ئىشتا ناھايىتى ئۇستىلىق قىلدىڭ)؛ «يۇ» يۈكلىمىسى تەكىت، نارازىلىق مەنىلىرىنى يۈكلىسە (شاتلىقىم - بەختىم ھەم غورۇرۇم شۇكى، مەن بىر پەرۋانە - يۇ، ۋەتىنىم چىراق، ئۇ بىلىدۇ - يۇ، سىز نىمىشقا بىلمەيسىز؟)، «ئا، ئە» يۈكلىمىسى ئۆتتۇنۇش، بۇيرۇق مەنىلىرىنى يۈكلەيدۇ (مەسىلەن: سىز بۇ يەردە ئولتۇرۇڭا! يېزىغا بارىمەن دىگىنە، ناھايىتى ياخشى ئويلاپسەن)؛ «دە» يۈكلىمىسى ئىپتىلىش ئاھاڭىغا قاراپ، ھەيران قېلىش، تاسادىپىلىق مەنىلىرىنى يۈكلىسە (مەسىلەن: بۇ ناھايىتى مەنزىرىلىك جاي ئىكەن - دە! ئۇ ئورنىدىن تۇردى - دە، كېتىپ قالدى)، «لا» يۈكلىمىسى ئىش - ھەركەتنىڭ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ناھايىتى تېز بولغانلىقىنى يۈكلەيدۇ (مەسىلەن: ئۇ مېنى كۆرۈپلا چىرايىنى ئۆزگەرتتى.) «ھە» يۈكلىمىسى بولسا ھەيران قېلىش، ئەجەپلىنىش مەنىلىرىنى يۈكلەيدۇ، (مەسىلەن: بىز نىمىشقا ئۇلارغا ئوخشاش ئىشلىيەلمەيمىز - ھە! ھە، مانا شۇنداق ئىشلەش لازىم! ئۇلار نىمە دىگەن غەيرەتكە كەلگەن - ھە!).

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، يۈكلىمىلەر ئۆزى قوشۇلغان سۆز ۋە جۈملىگە كىشىلەرنىڭ ھەر خىل پوزىتسىيە ۋە قاراشلىرىنى يۈكلەش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا ئۇ بىر خىل ياردەمچى سۆز بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. شۇنىڭدەك «ھە، دە، يۇ» يۈكلىمىلىرى ئۆزى ئۇلىنىدىغان سۆز ۋە جۈملىدىن يېزىقتا سىزىقچە ئارقىلىق ئايرىپ يېزىلسا، قالغان يۈكلىمىلەر قوشۇپ يېزىلىدۇ.

بىز يۇقۇرىدا سۆزدىن ئىبارەت بۇ ھەم لېكسىكىلىق، ھەم مورفولوگىيىلىك بىرلىكنىڭ ھەرخىل خۇسۇسىيەتلىرىنى، بولۇپمۇ مورفولوگىيىلىك تۈرلىنىشكە ئائىت قائىدە - قانۇنىيەتلەرنى بىر قەدەر تەپسىلى تونۇشتۇردۇق. چۈنكى ھەر بىر سۆز تۈركۈمىنىڭ گىراماتىكىلىق كاتىگورىيىلىرى ۋە ئۇلار بىلەن تۈرلىنىش ئالاھىدىلىگى بىر بىرىگە ئوخشىمايدۇ. سۆزلەرنىڭ ياسالما قۇرۇلمىسى بىربىرىگە ئوخشاش بولىدۇ. شۇڭا تۆۋەندە سۆزلەرنىڭ ياسالما قۇرۇلمىسىغا ئائىت ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ قانداق سۆز ياسايدىغانلىقىنى جەدۋەل ئارقىلىق كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

# (1) تۆرغۈن سۆزلەردىن تۆرغۈن سۆزلەرنى ياسايدىغان قوشۇمچىلار جەدۋىلى

| قوشۇمچىلار | قائىداق سۆزدىن قائىداق سۆز ياسايدۇ | ياسالغان سۆزلەردىن مىساللار |
|---|---|---|
| باز - ۋاز<br>پەز، پۇرۇش،<br>چى، خور،<br>داش، دەش،<br>دۇرۇق، تۇرۇق، دۇرۇك،<br>دان، كار،<br>شۇناس،<br>كەش، كەش، گەر، كەر<br>نامە، خانا،<br>چىلىق، چىلىك، | ھەرخىل تۆرغۈن سۆزلەردىن ئىسىم ياسايدۇ | تەركىپباز، تەرەپباز، قىمارۋاز، گۇرۇھۋاز،<br>ئاشپەز، ساختىپەز، كىتاپپۇرۇش، چايپۇرۇش،<br>ئەمگەكچى، چوكچى، مەنمەنچى، تاكتاكچى، قانخور،<br>غەمخور،<br>پىكىرداش، ئاھاڭداش، كۆندەش، تۇردەش،<br>بويۇنتۇرۇق، ئىغىزدۇرۇق، ئۆمۈلدۈرۈك<br>چايدان، قەدىردان، پاختىكار، گۇناھكار،<br>تارىخشۇناس، تىلشۇناس، ئۇيغۇرشۇناس،<br>زىيانكەش، مېھنەتكەش، سودىگەر، مىسكەر،<br>بايانامە، تەبرىكنامە، ۋەدىنامە، شەرتنامە، دەرسخانا<br>ئاشخانا<br>ئارتۇقچىلىق، ئازچىلىق، يېتەكچىلىك |
| بى، بەت، نا،<br>پەرەس،<br>پەرۋەر،<br>چان، چىل<br>دار، داڭ،<br>تاڭ، زار،<br>ساز،<br>سىز،<br>سىمان،<br>غى، قى، گى<br>كى، ۋى<br>يى، بى | ھەرخىل تۆرغۈن سۆزلەردىن سۈپەت ياسايدۇ | بىمەدەپ، بەتنام، بەتقىلىق، نائىنساپ، نالايىق،<br>ئابرويپەرەس، پۇرسەتپەرەس، ئاپتاپپەرەس،<br>ئادالەتپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر، تىنچلىقپەرۋەر،<br>ئاغرىقچان، سوغۇقچان، ئەپچىل، ئوكچىل،<br>ئەمەلدار، ھازىدار، شورتاڭ، يارداڭ،<br>ئېكىنزار، گۈلزار، كۆچەتزار،<br>كېمىساز (لىق)، ماشىنساز (لىق)،<br>ئارمانسىز، ئىشسىز، تۇراقسىز، بىلىمسىز<br>ئادەمسىمان، مايمۇنسىمان، دولقۇنسىمان،<br>يازغى، تاشقى، كۈزگى، ئىچكى، ئىلگىرىكى<br>ئەنئەنىۋى، ئاساسىي، ئەخلاقىي، پەلسەپىۋى<br>سەۋدايى، سەھرايى |
| انە، لاپ، لەپ<br>دە، | ھەرخىل تۆرغۈن سۆزلەردىن رەۋىش ياسايدۇ | ئاقىلانە، خالىسانە، تاغارلاپ، ئايلاپ، كۆپلەپ،<br>قەشقەرچىلەپ،<br>پاراقىدە، چىپپىدە، دىككىدە، پاررىدە، گۈپپىدە |
| لىق، لۇق، لۈك لىك<br>ھەم<br>مەن | ئىسىم ۋە سۈپەت ياسايدۇ | ئاتاقلىق، قوغۇنلۇق، ئەپلىك، ئاچقۇچلۇق، كۈچلۈك،<br>سۈتلۈك، سەزگۈرلۈك،<br>ھەمسەپەر، ئەدەپسىزلىك، ھەمتاۋاق، ھەمدەم<br>دەرتمەن، زوقمەن، ھاجەتمەن |
| يلەن - ەيلەن<br>ىنچى، ىنچى | ساندىن سان ياسايدۇ | ئالتەيلەن، ئونەيلەن، ئىككىيلەن، ئۈچەيلەن،<br>بەشىنچى، يەتتىنچى، ئونىنچى، توققۇزىنچى |

(2) پېئىللاردىن تۇرغۇن سۆز ياسايدىغان قوشۇمچىلار جەدۋىلى

| قوشۇمچىلار | قانداق سۆز ياسايدۇ | ياسالغان سۆزلەردىن مىساللار |
|---|---|---|
| لغۇ، بالىغۇ، ئەلگۇ<br>ت، ئەت، مت<br>ۇت، ۈت<br>چ - غۇچ - قۇچ<br>داق، دەك<br>غۇ، قۇ، گۇ، كۇ<br>غا، قا، كە، گە<br>ما، مە<br>ماق، مەك | ئىسىم ياسايدۇ | توختالغۇ، تۇرالغۇ، ئاتالغۇ، كۆنەلگۈ،<br>سارقىت، كۆچەت، كىيىت، قۇرۇت،<br>تۈزۈت، تۇغۇت،<br>ئىشەنچ، ئاچقۇچ، سىزغۇچ، قىسقۇچ<br>قونداق، ياسىداق، كىكىردەك<br>سەزگۈ، تۇيغۇ، چاچقۇ، تەپكۈ،<br>ئىلغا، تۇتقا، سۈپۈرگە، كۈلكە<br>ئاتالما، ئايلانما، بىرلەشمە، سۈزمە<br>چاقماق، قويماق، يىمەك، ئىلمەك |
| ل، س<br>مەل، مان<br>مەن، غۇر<br>قۇر، گۈر، كۈر | سۈپەت ياسايدۇ | قامال، قاخشال، تۈگەل، تۇغماس، تېپىلماس<br>تۈرمەل، چۈچۈمەل، دەرتمەن،<br>كۆچمەن، يۆلەرمەن، ئويمان، ئاتارمەن<br>ئالغۇر، چاپقۇر، سەزگۈر، ئۆتكۈر |
| ن، ۇن، ۈن<br>ڭ، اڭ، ەڭ<br>ق، اق، ۇق غاق، قات، ق<br>گەك، كەك، ك<br><br>غۇن، قۇن، گۈن<br>دى، كۈن<br>غىن، قىن، گىن، كىن<br>م، ام، ەم،<br>م، ۇم، ۈم | ئىسىم ۋە سۈپەت ياسايدۇ (ئارىلاش ياسايدۇ) | تۈلۈن، تۈگۈن، كېلىن، يېقىن، ئېقىن<br>بوشاڭ، توزاڭ، جۈدەڭ، ئۆتەڭ، تۆلەڭ<br>بورداق، پېچاق، توزاق، سۇنۇق، تاپقاق<br>ئېچىق، سېزىك، تۇيغۇن، تۇتقۇن، چۈشكۈن<br><br>سۈرگۈن، هارغىن، تاشقىن، ساتقىن<br>ئاسراندى، سۈپۈرۈندى، چېپىندى<br>چىرىندى، قوغلاندى، ئۈزۈندى،<br>تۇتام، كۆتىرەم، ئالدام، بېسىم، ئۆسۈم<br>ئۇقۇم، توقۇم، كۈزەم |

(3 هەم تۇرغۇن، هەم پېئىللاردىن تۇرغۇن سۆزلەرنى ياسايدىغان قوشۇمچىلار جەدۋىلى

| قوشۇمچىلار | قانداق سۆز ياسايدۇ | ياسالغان سۆزلەردىن مىساللار |
|---|---|---|
| ڭغۇ، اڭغۇ، ەڭگۈ | ئىسىم ۋە سۈپەت ياسايدۇ | ئالاڭغۇ، قاراڭغۇ، ئالدىراڭغۇ، چېچىلاڭغۇ، ئېلىشاڭغۇ،<br>كۆتىرەڭگۈ، ئېزىلەڭگۈ |
| چا، چە | | تامچە، سېلىنچا، ئېشىنچا، قىيىتچا، قۇلاقچا،<br>قىزىلچا، سۆيۈنچە، چۈشەنچە، باغچە،<br>چىرايلىقچە، قوشۇمچە، باشقىچە، |
| چاق، چەك چۇق، چۈك | | سوقچاق، ئۇزۇنچاق، تارتىنچاق، كۆكۈلچەك،<br>ياخشىچاق، قارىچۇق، قارانچۇق، ئويۇنچۇق، ماختانچۇق، قورقۇنچاق، ياسانچۇق |
| دۇق، تۈك | | تاشلاندۇق، ئورۇندۇق، قالدۇق، هاردۇق، كەمتۈك،<br>ئۆلۈمتۈك، يەمتۈك. |
| ماچ، مەچ | | تەرمەچ، قوتۇرماچ، قوماچ، كۆمەچ، يۆگىمەچ تولغىماچ، ئالماچ، گىچماچ |

## (4) تۇرغۇن سۆزلەردىن پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچىلار جەدۋىلى

| | |
|---|---|
| ا، ە، ر، ار | سانا، قانا، ياشا، تونە، خورا، يوغىنا، تۈزە، قايغۇر، قىسقار، ئاقار، ئۇزار، كۆكەر |
| ەر، ي، اي، ەي | قاراي، ئازاي، تاراي، پەسەي، كۆچەي، كۆپەي |
| اڭغىرا، ەڭگىزە، | ياشاڭغىرا، ئېسەڭگىرە |
| را، رە، قرا | هاڭرا، ئىڭرا، هۆكىرە، مەرە، مۆرە |
| كىرا، كىرە | پۇرقىرا، شاقىرا، كاكىرا، گۆكىرە، يالتىرا، پارقىرا |
| سىت | تەكىت، كەمسىت، مەنسىت |
| سىرا، سىرە | تۈزسىرا، قانسىرا، ياتسىرا، كۆلۈمسىرە |
| شى، سىن | ئازسىن، ئوتسىن، قىزىقسىن، تەمشى، كۆكۈلشى، ئويناقشى، شاراقشى، غىڭشى |
| غار، قار | ئاڭقار، باشقار، سۇغار |
| لا ـ لە، دا ـ دە | باشلا، ئۇلۇغلا، ئىشلە، ئاستىلا، سەنلە، شامالدا، هوردا |
| شا، جا | ئوڭشا، تىڭشا، يالقۇنجا، يېلىنجا |
| لاش، لەش | قانۇنلاش، ماكانلاش، تىكەنلەش، زەئىپلەش، پۆچەكلەش |
| لان ـ لەن | شاتلان، قوراللان، هالسىزلان، قانائەتلەن، گەۋدىلەن |
| ى | بېكى، بېيى، لېيى، تېتى، تىنجى، چېكى، ئىسسى |
| رقا | تېشىرقا، ئېچىرقا، يېتىرقا، تېڭىرقا |
| ىلدا، لدە، ۇلدا، ۈلدە | پىرىلدا، پىژىلدا، كىژىلدا، تاقىلدا، گۇرۇلدە، بۈژۈلدا، پوكۇلدا، دۈپۈلدە |
| ك ـ ق | بىرىك، تېرىك، ئىچىك، قىزىق (قىزىقتى) |

### تەكرارلاش سوئاللىرى ۋە كۆنۈكمە

1. تىل تاۋۇشى دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ تىلدىكى رولى قانداق؟

2. تاۋۇش سىستېمىسى قانداق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

3. فونېما دەپ قانداق تاۋۇشلارغا ئېيتىلىدۇ؟ ۋارىيانت دەپ قانداق تاۋۇشلارغا ئېيتىلىدۇ؟

4. ئۇيغۇر تىلىدا فونېمىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە تاۋۇشلار قايسىلار؟ ئۇلارنىڭ چىقىش ئورنى ۋە چىقىش ئۇسۇلى جەھەتتە قانداق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىڭ.

5. تۆۋەندىكى پارچىدا قانداق سوزۇق تاۋۇش (تىل ئالدى، تىل كەينى، لەۋلەشكەن، لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلار) ۋە قانداق ئۈزۈك تاۋۇش (جاراڭلىق ۋە جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار) بارلىقىنى ئېنىقلاڭلار.

پەلسەپە ئوقۇتقۇچىسى ئوقۇغۇچىسىغا كايىپ:

— ئىككىڭلار ساۋاقداش تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن سوقۇشتۇڭلار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— زىددىيەت پەيدا قىلىش ئۈچۈن، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ئوقۇغۇچى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ — دەپتۇ ئوقۇتقۇچى.

— مۇئەللىم، ئۆزىڭىز زىددىيەت شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى دېگەنىڭىزغۇ، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ئوقۇغۇچى.

(«شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى» گېزىتى 51 - سانىدىن)

6. بوغۇم قانداق بىرلىك؟ نېمە ئۈچۈن؟

7. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى بوغۇملار نېمىنى ئاساس قىلىپ قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟

8. ئوچۇق بوغۇم قانداق شەكىلدە بولىدۇ؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.

9. يېپىق بوغۇم قانداق شەكىلدە بولىدۇ؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.

10. تۆۋەندىكى پارچىدا قانداق شەكىللىك بوغۇم بارلىقىنى ئېنىقلاپ، شەرتلىك بەلگە بىلەن كۆرسىتىڭلار.

مەن ساڭا كۆيدۈم دېسەم، قەلبىمدە سەنلا بار، — دېدىڭ،
بار لېكىن شەرتىم: ئەدەپ - ئەخلاقنى تۇتقىن يار، — دېدىڭ،
كىچىگىمدىنلا ئەدەپ - ئەخلاق ماڭا ھەمرا دېسەم،
شۇ گېپىڭ راست بولسا، مەن بىر ساڭىلا خۇشتار، — دېدىڭ.

(«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 44 - سانىدىن)

11. سۆز دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى قانداق؟

12. سۆزنى نېمە ئۈچۈن ھەم لېكسىكىلىق، ھەم مورفولوگىيىلىك بىرلىك دەيمىز؟

13. سۆز لېكسىكىلىق مەنىسىگە قاراپ قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟ ھەربىر تۈرنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى مىساللار بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.

14. سۆز مورفولوگىيىلىك قۇرۇلما جەھەتتە قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟ تۈپ ۋە ياسالما سۆزلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى مىساللار بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.

15. سۆزلەر ئۇمۇمىي مەنىۋى ئالاھىدىلىكى، قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى ۋە جۈملىدىكى رولىنى ئاساس قىلغاندا قانداق تۈركۈملەرگە بۆلۈنىدۇ؟

16. ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز تۈركۈملىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى مىساللار ئارقىلىق ئايرىم - ئايرىم چۈشەندۈرۈڭ.

17. تۆۋەندىكى شېئىرنىڭ ئىچىدىكى سۆزلەرنىڭ ياسالما ۋە تۈرلەنمە قۇرۇلمىلىرىنى تەھلىل قىلىپ چىقىڭلار.

ئايدىڭ كېچە
ئاپپاق ۋە سۈتتەك
ئايدىڭ كېچىدە
قىرلارغا قاراپ
سالدىم كۆزۈمنى
تۇرۇپ ئورنۇمدىن
ماڭسام خۇش بولۇپ
سالقىن بىر شامال،
سىلار يۈزۈمنى.

جىمجىت ۋە تىنىق،
ئايدىڭ كېچىدە،
ئەركىن كەڭ دالا.
ياتىدۇ غۇرۇر،
قانسۇن دالالار،
دىگەندەك قىلىپ،
ئاسماندىكى ئاي.
تۆكىدۇ جىق نۇر،
سىلىپ كۆزۈمنى،
كەڭ دالا ـ تۈزگە.
ھىسقا كۆمۈلدۇم،
يوللاردا يۈرۈپ.
زوقلىنىپ شۇدەم،
نۇر ئالدىم كۆزگە:
ئايدىڭ كېچىدە،
قىرلارنى كۆرۈپ.
چەكسىز شۇ قىرلار،
دىللارغا ئارام.
گويا بوستاندەك
دەرەخلىرى بۆك
تاغلار، ئېدىرلار
گۈلشەندەك تامام،
كۆز يەتمەس ئىگىز
قىرلاردىن بويۇن.
تاغ ۋە ئېدىرنىڭ
ئېتەكلىرى گۈل،
باغرى گىلەمدەك،
دىلدا قاينار زوق
كۆرسەڭ، كۆلدۇ
ئېچىلىپ كۆڭۈل؛
جىرالاردا سۇ
يۈرەككە ئۇزۇق.
شۇ سۇ ئايدىڭدا
كۆزلەرنى چېقىپ،
خۇددى كۈمۈچتەك
ئاقار پارقىراپ،

دولقۇنلار ياساپ.
ئۇرۇپ يانلارغا،
ھەيۋەت بىلەن ئۇ
كېتەر شاقىراپ.
شۇنداق كۆكۈللۈك
قىرلار، ئېدىرلار.
تاغلار - داللار
تۇمەن ۋە تۈرلۈك.
جەننەت دېگەن شۇ،
تويمايدۇ دىلىم
بۇ ئېزىز ۋەتەن
بىزگە ئۆمۈرلۈك.
يۈردۈم مەن شۇنداق
ئايدىڭ كېچىدە،
بىلسەڭ، بۇ يۇرتنى
كۆزەتكىنىم شۇ،
ئېلىپ ئىلھامنى،
گۈزەل قىرلاردىن،
بېزىپ شېئىرىمنى،
تۈگەتكىنىم شۇ.

(ئەلقەم ئەختەم)